www.uysi.org/ug

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

# 4

# 2021

ISSN: 2757- 9220

پەسىللىك سىياسىي - ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال

2021 - يىللىق 4 - سان / ئومۇمىي 4 - سان




- **خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى (1944-1945)**
  دوكتور ئەركىن ئەكرەم
- **ئۇيغۇرلارنىڭ ئېشىۋاتقان نوپۇس سانى ۋە ئېشىش نىسبىتى ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز**
  دوكتور دىلشات بارىشچى
- **كۇچادىكى «مەھكىمە شەرئى»نىڭ تارىخىي ئىزلىرى**
  ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
- **كىتاب تونۇشتۇرۇش**

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان

ULUSLARARASI VAZİYET VE DOĞU TÜRKİSTAN

(پەسىللىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىلمىي ژۇرنال)

2021 - يىللىق 4 - سان (ئۆكتەبىر، نويابىر، دېكابىر)
(ئومۇمىي 4 - سان)
قانۇنىي ۋەكىلى: دوكتور ئەركىن ئەكرەم

باش تەھرىر: مەۋلان تەڭرىقۇت

ئەسەر باھالاش ھەيئىتى:
ئەركىن ئەكرەم
ئابدۇرېھىم دۆلەت
رۇقىيە تۇردۇش
ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
يالقۇن ئۇلۇغيول

كوررېكتورلار:
پاسبان
ئابدۇرېھىم دۆلەت

لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھون

ISSN: 2757 - 9220

ژۇرنال ئادرېسى:
Kızılay, İzmir - 1 Cd. No: 33 D: 27,
06420 Çankaya/Ankara

## مۇندەرىجە

ژۇرنالغا كىرىش ........ 02
◄ دوكتور ئەركىن ئەكرەم

خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى (1944 ـ 1945) ........ 04
◄ دوكتور دىلشات بارىشچى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەتكەن نوپۇس سانى ۋە ئىشىش نىسبىتى ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز ........ 61
◄ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

كۇچادىكى «مەھكىمە شەرئى»نىڭ تارىخىي ئىزلىرى ........ 80

**كىتاب تونۇشتۇرۇش**

**تارىختىن ئىلىنىدىغان دەرسلەر** ... **مۇھەممەد ئىلى ئورخۇن** 85

**ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش** ........ **يالقۇن ئۇلۇغيول** 91

**ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق** ........ **تاجىگۈل سەمەت** 96

**خىتاي تەرتىپى: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، دۇنياۋى ئىمپېرىيە ۋە خىتاي كۈچىنىڭ ماھىيىتى** ........ **مەۋلان تەڭرىقۇت** 99

# خىتاي «دېموكراتىيە»سى ۋە شەرقىي تۈركىستان؟

**ژۇرنالغا كىرىش سۆز ئورنىدا**

**دr.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دېموكراتىيە چۈشەنچىسى ۋە ئۇقۇمى غەربنىڭ ئۇنىۋېرسال دېموكراتىيە چۈشەنچىسىدىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ، دېموكراتىيەنى « جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدىكى خەلق دېموكراتىيەسى»دېگەن تەرىقىدە چۈشەندۈردۇ. خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن 2021-يىلى 4-دېكابىردا نەشر قىلىنغان «خىتاينىڭ دېموكراتىيەسى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلىدۇ:« جەمئىيەتنىڭ بارلىق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدىكى خەلق دېموكراتىيەسى بولسا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشچىلىقىدا خەلق بىلەن بىرلىكتە دېموكراتىيە ئارزۇسى، دېموكراتىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېموكراتىيە قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن بۈيۈك ئەسەر بولۇپ، ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خىتاي دېموكراتىيە نەزەرىيەسىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش،تۈزۈمنى يېڭىلاش ۋە ئەمەلىي ئىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تەجرىبىدۇر».

تاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسلىق نىشانىنىڭ زۆرۈر تەلىپىدۇر. خىتاي دېموكراتىيەسى تەڭداشسىز قۇرۇلمىلىق ئالاھىدىلىككە ۋە مۇكەممەل ئىشتىراكچىل ئەمەلىيەتكە ئىگىدۇر. خىتاي دېموكراتىيەسى تىپىك جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە بولۇش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ بارلىق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەرياندا خەلق دېموكراتىيەسىنىڭ بىردىنبىر ھامىيسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىدۇر».

كىتابتا يەنە خىتاي دېموكراتىيەسىنىڭ پەقەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئىشقا ئاشىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. بۇ ئىبارىلەر خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى،خىتاي خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورگانلار تەرىپىدىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى كونتروللۇقىدىكى باشقا «سەككىز دېموكراتىك پارتىيە» خىتاي دېموكراتىيەسى ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن. ھاكىممۇتلەق بىرلا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە قانداقمۇ دېموكراتىيە تۈزۈمى ۋە تەرتىپى ئىشقا ئاشسۇن؟ ئۆزىنى ئاساسىي قانۇنىڭدىنمۇ ئەلا ۋە ئۈستۈن كۆرىدىغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى دېموكراتىيەنى قانداقمۇ تەتبىقلىيالىسۇن؟

دېموكراتىيەنىڭ پىرىنسىپى، ئاساسىي ۋە قىممىتى قاتارلىقلار بىر ياقتا تۇرسۇن، دېموكراتىيەنىڭ باشقۇرۇش تەرىپىمۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەرىپىدىن مونوپول قىلىنىپ ھالاكەتكە دۇچار بولىدى. دېموكراتىيە ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ تەشكىللىنىش ياكى دۆلەت سىياسىتىنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىقلاردا تەڭ باراۋەر ھەق-ھوقۇقلارغا ئىگە بولىدىغان ھاكىمىيەت شەكلىدۇر. خىتاي قانۇنى ۋە رەسمىي ھۆججەتلىرىدە خەلق پۇقرا تەبىرى بىلەن ئەمەس بەلكى خەلق دېگەن ئىبارە بىلەن تەرىپلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال خىتاي تارىخىدىكى خاندانلىق ۋە سۇلالە ھاكىمىيەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە پۇقرالارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، لېكىن پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ھازىرغىچە ئېرىشىپ بولالمىغان خىتاي خەلقى قانداقمۇ خىتايچە دېموكراتىيە تۈزۈمىدە ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدىيالىسۇن؟

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى خىتاي دېموكراتىيەسىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قەدرىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى بىلجىرلىماقتا. بۇ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دۇنياغا تەشۋىق قىلىۋاتقان «ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىر تۇپلۇقى» شوئارى بىلەن ئوخشاش فۇنكسىيە ۋە رولغا ئىگە بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتكە خىتاي ھاكىمىيىتى باشچىلىقىدا خىتاي ئىدېئولوگىيەسىنى ئاساس قىلغان دۇنيا تەرتىپىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۇرۇنۇشىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ئۇنداقتا، كۆپ قىسمى دېموكراتىيە تۈزۈمىنى قوبۇل قىلغان خەلقئارا جەمئىيەت خىتاي دېموكراتىيەسىنى قوبۇل قىلامدۇ؟

ئاق تاشلىق كىتابتا يەنە خىتاي دېموكراتىيە-سىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىق ۋە كۆرەش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تەجرىبە ئىكەنلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. خىتاي تەرىپىدىن قۇرۇلغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەلۇم دەۋرلەردە (1921-1947) خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقالىغانلىقىنى ياكى خىتاي بىلەن بىرلىكتە بىر دۆلەتتە ياشىيالايدىغانلىقىنى قۇرۇلتاي قارارلىرىدا ئەسكەرتكەنىدى. 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغۇچە شەرقىي تۈركىستان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ باقمىدى ۋە شۇنداقلا خىتاي كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان خىتايچە دېموكراتىيە تەجرىبىسىنى باشتىن كەچۈرمىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان خىتايچە دېموكراتىيە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىدى. خىتاي خەلقىغىمۇ پايدىسى بولمىغان خىتايچە دېموكراتىيەنىڭ مۇستەملىكە ۋە ئىشغال رايونى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قانداقمۇ پايدىسى بولسۇن.



# خىتاي–سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

(1945 - 1944)

■ **بېشى ئالدىنقى ساندا**

*ژۇرنال ئىلاۋىسى: ماقالىدە خىتايچە رەسمىي ھۆججەتلەردىن ئېلىنغان ئىسىملار، تېمىلار، ھۆججەتلەرنىڭ ئىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبارىلەر قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ئەسلى ماتېرىياللاردىكى ئاتىلىشى بويىچە بېرىلدى.*

## (3) شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى، شېڭ شىسەينىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان مىللىي زىددىيەت، ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا بولغان پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ خىتاي - سوۋېت، خىتاي -



**دr.ئەركىن ئەكرەم**

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى مۇدىرى.

ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات

فاكۇلتېتى تارىخ بۆلۈمى ئوقۇتقۇچىسى

E - mail: eekrem@hacettepe.edu.tr

سوۋېت، خىتاي - موڭغۇلىيە چېگرا رايونلىرىدا بىر قاتار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئوخشاش بولمىغان كۆلەمدە تاجاۋۇزچىلىق، «بۆلگۈنچىلىك»، ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشنى پىلانلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ چېگرا رايونلىرى تىنچ بولمىغان رايونغا ئايلىنىشقا باشلاپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ داۋالغۇش ئىچىدە قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي كۈرەش ئەۋج ئېلىپ، قارشىلىق ھەرىكىتى <ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى>غا ئايلاندى[1]. نۇرغۇنلىغان خىتاي تەتقىقاتچىلىرى ۋەقەنى تەھلىل قىلىپ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ پارتلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، مىلىتارىست شىڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى، شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە تۈمەن مىڭلىغان ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلار، زىيالىيلار ۋە ئادەتتىكى دېھقان چارۋىچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە زىندانلارغا قاملىشى» دەپ كۆرسەتتى. زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بار، ھەققانىيلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى سەۋر قىلغۇسىز ھالغا كەلدى. ئۇلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، تىللاردا داستان بولغىدەك قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇردى. بۇ مۇستەقىللىق كۈرىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئادەم، قورال – ياراغ ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردىمىگە ئېرىشتى[2]. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ كەڭ كۆلەمدە يېيىلىشى 1944 - يىلى 9 - ئايدىن كېيىن دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى 1940 - يىلىدىكى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قوراللىق كۈرىشى بولسا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «نىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ئەمما، شىڭ شىسەينىڭ چۈشەندۈرۈشىچە «ئاتالمىش ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھەرىكىتى › «شىنجاڭ» دىكى بىر قىسىم خۇيزۇ قاتارلىقلارنىڭ تاشقى ياردىمىگە تايىنىپ، خىتاينىڭ زېمىنىنى پارچىلاشتەك ۋەتەنگە بولغان ئاسىيلىق ھەرىكىتىگە ئۆ-رۈنگەن» دەپ قارايدۇ[3]. ئەمەلىيەتتە، 1943 - يىلى 8 - ئايلىرى جەنۇبنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى ۋە شىمالىي رايونلاردا بايقالغان «ئازادلىق تەشكىلاتى «نامىدا تارقىتىلغان تەشۋىقات كىتابچىلىرىغا قارىغاندا، بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەپەرۋەرلىكى ۋە قوللىشىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدۇر. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوڭچى رەھبەرلىك قاتلىمى بولسۇن ۋە ياكى كېيىنكى مەزگىللەردىكى سولچى رەھبەرلەر قاتلىمىدىكىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۆزى قاتناشقان بۇ ھەرىكەتنى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى دەپ تونۇغان[4]. «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى «خاراكتېرىدىكى مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ھەر قانداق بىر پۇرسەتتە پارتلايدۇ، شىڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى قىلمىشلىرى بۇ شارائىتنى ھازىرلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بولۇپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قارىتا يول تۇتۇپ، ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە بىخەتەرلىك جەھەتتىكى مەنپەئە-تىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى[5].

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقنى شىڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭغا قارشى قوزغاپ قوللاش ئۈچۈن قوللانغان ئاساسلىق ئۇسۇللىرى: بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈ-

مىتى ئۇتتۇرىغا چىقىپ، دىپلوماتىك يوللار ئارقىلىق، شېڭ شىسەينى ۋە گومىنداڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكىتىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، شېڭ شىسەينى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىش. ئىككىنچى، جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۇلار تۈركىي خەلقلەر بىر قەدەر ئاسان قوبۇل قىلىدىغان مىللىي، دىنىي شوئار ئارقىلىق ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىشقا تىرىشتى. ئۈچىنچى، مەخپىي تەشكىلات قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ تايانچ تەربىيەلەش. تۆتىنچى، چېگرانى ئېچىۋېتىپ، شېڭ شىسەيگە ۋە گومىنداڭغا قارشى تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ بارغانلارنى قوغداش[6]. سوۋېت ئىتتىپاقى 1943 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىشكە باشلىغاندىن تارتىپلا تەشۋىقات كىتابچىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئۇلىنى سېلىشقا باشلىغان ئىدى[7]. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر مىللەتتىن سىياسىي، ھەربىي ئىشلاردا ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، بۇ جۇمھۇرىيەتنى قۇرۇش ئۈچۈن ماددىي ئاساس سالدى. ھەربىي جەھەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق رولى بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ قوزغىلاڭچى كۈچلىرىنى كۆپ مىقداردا قورال بىلەن تەمىنلەش، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدىكى ھەربىي قوزغىلاڭ ئۈچۈن تەربىيەلەنگەن كادىرلىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق پارتىزانلىق پائالىيىتى تەشكىللەش ۋە رەھبەرلىك قىلىش قاتارلىقلار ئىدى[8]. «غۇلجا ۋەقەسى» دىن بۇرۇنلا سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى تەشكىللەش پىلانىنى باشلىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى (NKVD، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى)نىڭ 1944 تىن 1953 ۋە 1946 - يىلىدىن 1949 – يىلىغىچە بولغان جەريانىدىكى ئارخىپ ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەقەسى ئۈچۈن مەخسۇس پىلانلىغان «ئالاھىدە ھەرىكەت تەشكىلاتى «قۇرغان بولۇپ ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ باشلىقى ۋىلادىمىر ستەپونىۋچ ئىگنارو گېنېرال (Vladimir Stepanovich Egnarow) بۇ تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى بىرىنچى بۆلۈمى 4 - ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى لاڭفاڭ گېنېرال (Aleksandr Ivanovich Langfang) ۋىلادىمىر گېنېرالغا ياردەم بېرىدىغان بولدى. بۇ تەشكىلات قوماندانلىق ئىشتابىنى ئالمۇتا (Alma - Ata) شەھىرىدە، تارمىقىنى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدىكى قورغاس (Qorgas)، بىر قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسى ئىچىدە يەنە بىر قىسمى غۇلجا چېگراسى ئىچىدە،) قورغاس)تا قۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، «جەنۇبىي شىنجاڭ»دىكى ۋەقەلەرنى پىلانلاش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئوخشاش تەشكىلاتلارنى قۇردى. 1946 - يىلى 3 - ئايدىن كېيىن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلى بالنىكوف (Balnikov) پولكوۋنىك بولۇپ سايلاندى[9]. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتېتى نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە خادىملارنى تەشكىللەپ «شىمالىي شىنجاڭ»غا سىڭىپ كىرگۈزۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇردى[10].

خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1943 - يىلى ئالمۇتىدا ««شىنجاڭ» دىكى تۈركىي مىللەتلەر ئازادلىق كومىتېتى»نى قۇردى، بۇ تەشكىلات ئىلگىرى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ ماجۇڭيىڭ بىلەن جاڭ پېيۈەننى يوقىتىشقا ياردەم بەرگەن گېنېرال مافۇشى ئەيفۇ تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولسا

ئىلگىرىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئارقىلىق قوراللىق قوزغىلاڭ قوزغاش ئىدى. شۇ چاغلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالمۇتا ۋە ئەنجانغا ھەربىي مەشىق بازىسى قۇرغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق شەرقىي تۈركىستانلىق قوزغىلاڭچىلارنى مەخسۇس مەشىق قىلدۇراتتى. ئالمۇتا بازىسى ئۇرۇش مەشىقى، ئەنجان بازىسىدا بولسا پارتىزانلىق ئۇرۇش مەشىقى قىلىناتتى[11]. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1943 - يىلى قۇمۇلدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان «قىزىل 8 - پولك» چېكىنىپ، غۇلجىدىن ئۆتكەندە، بۇ قىسىمنىڭ قورالىنى تولۇقى بىلەن خەلق ئارىسىغا يوشۇرۇپ، كېيىنكى قوراللىق ھەرىكەتتە قوللىنىشنى پىلانلىغان[12]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشى بىر تۈرلۈك پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ئىستراتېگىيەلىك تاللاشتۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى ئىستالىن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بېرىيە (Lavrentig Pavlovich Beria، 1899 - 1953) ھەمدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى موتولوفنىڭ بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بار ئىدى، ھەمدە ئىچكى ئىشلار ئالاھىدە ۋەزىپە بۆلۈمى (ئىچكى ئىشلار ئاخبارات بۆلۈمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىنىستىرى يېگىناروف، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا باشتىن - ئاخىر بىۋاسىتە قاتنىشىپ، تەشكىللەپ، يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى [13]. شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر پەقەت يېگىناروف يېتەكچىلىكىدىكى ئالاھىدە ۋەزىپە بۆلۈمىدىنلا ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر باشقا يوللاردىنمۇ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىدى[14]. ئەمەلىيەتتە بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل پىلانلىغان ھەرىكەت پىلانى ئىدى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ ۋەقەنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولغان قازاقلارنىڭ ۋەكىلى بەكتاي مۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ: (1) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۈيىقەستى، قازاق، ئۇيغۇر، تۇڭگان، ئۆزبېك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنى قوللاش ئارقىلىق، «قورچاق» شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپ سەردارلىرى ۋە بەزى رايونلارغا ئىسلام دىنى مۆتىۋەرلىرىنى تاللاپ تەيىنلەش، ئەمما بولىنوف، سىكاگىت، پۇلىخوف قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى كىشىلەرگە ۋالىي ياكى مۇئاۋىن ۋالىي، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ھوقۇقلارنى بېرىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى باشقۇرۇش؛ (2) قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇسۇلمانلار، ئىتتىپاقى ئەتمەن موڭغۇللاردىن تەشكىللەش، ئاساسلىق باشقۇرغۇچىلىرى بولسا كۆپ ئەھۋالدا يەرلىك زاتلاردىن، مۇئاۋىن باشلىق ۋە سىياسىي مەسلىھەتچىلەر بولسا سوۋېت پۇقرالىرىدىن تەيىنلەش؛ (3) قوزغىلاڭچىلار ئىشلەتكەن قوراللاردىن تانكا، بىرونېۋىك، پوچى، پىلىموت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىنى سوۋېت تەرەپ تەمىنلەيدۇ ۋە سوۋېت تەرەپ ھەربىي يېتەكچىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇلىدۇ. لېكىن ئالتايدىكى قوراللارنىڭ كۆپىنچىسى تاشقى موڭغۇلدىن ئەكىلىنگەن، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى» قورال - ياراغلار بولسا 1944 - يىلى گېرمانىيە تەرىپىدىن ياسالغان قوراللاردۇر. (4) قوزغىلاڭچى تەرەپنىڭ چىقىمى، قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە خەلقتىن ئېلىنغان، خىتايلارنىڭ مال مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ھەربىي يۈرۈشتە قوللىنىلغان،

قوزغىلاڭچىلار يەنە «ئۆلكىمىزنىڭ» تارقاتقان يېڭى پۇلغا «قورچاق» شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۆھۈرىنى باسقان[15]. بۇنىڭدىن بۇ سىياسىي تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتى، قورال - ياراق، ھەربىي تەمىنات قۇرۇلمىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ تارقىتىلغان ۋاقتىنىڭ ئالدى - كەينىدىن قارىغاندا، ئالتاي رايونىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەينى ۋاقىتتا، يەنە 1943 - يىلى 8 - ئايلار ئارىسىدا، جەنۇبنى مەركەز قىلغان ھالدا تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. بىر قىسىم تەشۋىقاتچىلار«شىنجاڭ» نىڭ يەرلىك بىخەتەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن تۇتۇلغان ياكى تەكشۈرۈش ئاستىغا ئېلىنغان بولسىمۇ16، بۇ خىل تەشۋىقات پائالىيىتى تەدرىجىي ئۇرۇمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل شىمال رايونلارغا كېڭەيدى[17]. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى رەھبىرى ئېلىخان تۆرە (1885، - 1976 Alikhan Töre) 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى»نى قۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە[18]، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، كونسۇل خادىمى ئىستالىننىڭ سالىمىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى، 1933 - يىلى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى باستۇرغان مۇناسىۋەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرىنىڭ جازالانغانلىقىنى بىلدۈردى[19]. 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى رەھبىرى چويبالسان (Horloogiyn Choybalsan ،1895 - 1952) چېگرانى كۆزدىن كەچۈرۈش نامى بىلەن چىڭگىل ناھىيەسىگە كېلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر تۈركۈم ھەربىي مەسلىھەتچى، قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ بەردى. يەنى ئوسمان بىلەن دەلىلقان ئالتايدا قوزغىغان قوزغىلاڭغا ئۈزلۈكسىز ھالدا نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورا بىلەن تەمىنلەپ تۇردى[20]. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوۋېت ئىتتىپاقى يەرلىك خەلقتىن زور تۈركۈمدە ھەربىي ئەمەلدار ۋە قوماندانلارنى تەربىيەلەپ، ئالتاي، تارباغاتاي ۋە ئىلى ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتتى. بۇ تايانچ كۈچلەرنىڭ قاتنىششى بىلەن، شىمالدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى باشلاندى[21]. 10 - ئايلاردا ئېلىخان تۆرىنىڭ باشچىلىقىدىكى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» يەر ئاستى مەخپىي تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئابدۇلخەبىر تۆرە بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىشلىرىنى بىرلىكتە كېڭەشتى[22]. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قىسمەن ئۆلكە قوشۇنى ئالتاي ۋىلايىتى ۋە نىلقا ناھىيەسى رايونلىرىغا يۆتكىتىلىپ، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» بىلەن بىرلىشىپ ئىچى ۋە سىرتىدىن بىرلىكتە قوزغىلاڭ قوزغىدى[23]. ئېلىخان تۆرە شۇ كۈنى مەسچىتتە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي ۋە شىمال تەرىپىدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا ئېلىخان تۆرە بايانات ئېلان قىلىپ، بۇ ئەركىنلىكنىڭ تۇنجى ئوق ئاۋازى دەپ قوزغىلاڭنى رەسمىي جاكارلىدى. شەھەر ئاھالىسى كوچىغا چىقىپ، شەھەر ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى بىلەن ماسلاشتى. ئېلىخان تۆرە نەچچە مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسى بىلەن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، دەرھال: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئىشغالىيەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلىنمايدۇ» دەپ جاكارلىدى[24]. بىر مەيدان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، مۇستەبىتلىككە قارشى،

ئەركىنلىك ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى پارتلىدى[25].

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكىلەر «غۇلجا ۋەقەسى» نى پىلانلاپ، تەشكىللەپلا قالماي، بەلكى يەنە ماددىي ئەشيا، ھەربىي تېخنىكا ۋە ھەربىي قوماندانلىق جەھەتتىنمۇ قوللىدى. «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى، ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پائال، ئومۇميۈزلۈك قاتناشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى[26]. غۇلجا ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە غۇلجا شەھىرىدە ۋىلادىمىر كوزلوف(Viladimir kozlov) مەسئۇللۇقىدا «بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆي» ۋە ۋىلادىمىر ستېفانوۋىچ(Viladimir Stefanovich) مەسئۇللۇقىدا «ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆي» نى قۇرۇپ ئىنقىلاب ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى[27]. يېگىناروف گېنېرال بولسا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي كومىتېتىنىڭ مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى[28]. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىجرا قىلىنمايتتى. يېگىناروف گېنېرال ھەر ھەپتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئەھۋالى ۋە جۇمھۇرىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن دوكلات بېرىپ تۇراتتى[29]. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئاخبارات ئىگىلەش ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بېرىيە تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىغا ئۇدۇل يەتكۈزۈلەتتى[30].

غۇلجا شەھىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن يېڭى ھاكىمىيەت تەشكىللەشكە تۇتۇش قىلىندى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «غۇلجا ئازادلىق تەشكىلاتى» «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى[31]. ئېلىخان تۆرە، ھاكىمبەگ غوجا (1871 - 1957)، ئابدۇرۇپ مەخسۇم (1914 - 2005)، رەھىمخان سابىرھاجى (1905 - 1973)، مۇھەممەد مەخسۇم (1902 - 1962)، ئابدۇكېرىم ئابباسوف(1921 - 1949)، ھەببىب يۇنىچىف (1906 - 1945)، ئەنۋەر مۇساباييوف (1917 - 1995)، پاۋل پاۋلوۋىچ ماسكولوف (Povel. P. Moskolov)، ئابدۇلخەبىر تۆرە (1890 - 1970)، غېنى يولداش (1908 - 1971) بۇقا ئەنمۇبال (موڭغۇل، 1911 - 1949) سالىھجانباي باباجان (1870 - 1954)، ئابدۇلمۇتەللىپ خەلپە(1869 - 1960) پېتىر رومانوۋىچ ئالېكساندىر(Peter Romanovich Aleksadrov) غېنى باتۇر (1901 - 1978)قاتارلىق ئون ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى قۇرۇلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سايلىشى نەتىجىسىدە ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە، ھاكىمبەگ خوجا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، ئابدۇرۇپ مەخسۇم باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى[32]. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى 11 يىل بۇرۇن سابىت داموللام تەرىپىدىن قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بىلەن ئوخشاش بىر كۈندە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى بىر قاراپلا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

چېنلىننىڭ بايان قىلىشىچە: «ئىشتىن كېيىنكى 3 - كۈنى، غۇلجا شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى قايتۇرۇۋېلىنىپ، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پۈتكۈل غۇلجا قايتۇرۇۋېلىنغان. قورغىلاڭچى

قوشۇن غۇلجىنى ئالغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كۈرە قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلى رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى توققۇزتارا، كۈنەس، تېكەستىكى خىتاي ئەمەلدارلىرى كىنگىتكە چېكىندى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە كىشى موڭغۇلكۈرەدىكى ئەمەلدارلاردا ۋە پۇقرالار مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا چېكىندى. بۇ چاغدا غۇلجا رايونىدا پەقەت ھەرەمباغنىڭ يالغۇز قوشۇنلا مۇداپىئەدە تۇراتتى[33]. 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن باشلاپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ھەرەمباغقا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «مۇداپىئەدىكى ئارمىيەنىڭ ئاشلىقى ئۈزۈلۈپ قالغىلى ئۈچ كۈن بولغان بولۇپ، 30 - كۈنى ھەرەمباغدىن ۋاز كېچىپ، ئەڭ ئاخىرقى تايانچ پونكىتقا چېكىندى. بۇ چاغدا قورشاۋ باشلانغان 11 - ئاينىڭ 9 – كۈنىدىن ھازىرغىچە دەل 84 كۈن بولغان ئىدى34. «ھەرەمباغ جېڭى» شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ھالقىلىق ۋە ئەڭ مۇشكۈل بىر مەيدان ئۇرۇش ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىنى بەلگىلىگەن دېيىشكە بولاتتى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شىنجاڭ» نىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان سەككىزىنچى ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شياۋلياڭ (1963 - 1891) تەييارلىق يەتتىنچى شىنىڭ ئىشتاب باشلىقى ساۋرىلىغدىن «غۇلجا ۋەقەسى» ھەققىدە تېلېگىراما تاپشۇرۇپ ئالدى، تېلېگىراممىدا :»دىپلوماتىك يول بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، دوستانە ھەمكارلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى، «بۇنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى يازدۇ[35]. 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنجاڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن جۇ شاۋلياڭ بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا تېلېگىراما يوللاپ :»ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىيەدە تەڭشەش ئېلىپ بېرىلمىسا ئىلى ۋەقەسى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ، «شىنجاڭ» نىڭ ئىستىقبالى كۈندىن كۈنگە يامانلىشىدۇ»[36] دەپ كۆرسەتتى. ھەمدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ، ۋاشىنگتون تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە سۆز قىلىشنى ئىلتىماس قىلىش، ئىككى تەرەپنىڭ چېگراسى نورمال يول بىلەن تىنچلاندۇرۇش تەكلىپىنى بېرىدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن كىشىلەرنىڭ تېزدىن «شىنجاڭ»غا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن ئالاقىنى قولايلاشتۇرۇش، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە «شىنجاڭ»نىڭ كۈچىنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلدى[37]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئىدى. 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى غەربىي ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پۇ داۋمىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە «شىنجاڭ» مەسىلىسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش دېلوسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ۋە تۇرمۇشى جەھەتتە خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتتىن ئازدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش» نى تەلەپ قىلدى[38]. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ۋەقە بىلەن

مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى مەسلىھەتچىلەر ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پۇ داۋمىڭ 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ۋاكالەتچىسى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. (T. FSkvortsoff ياكى TFSvortsov) شۇنداقلا«شىنجاڭ» ۋەقەسى توغرىسىدىكى سۆھبەت خاتىرىسى جىياڭ جېيشىغا سۇنۇلدى. دوكلاتتا مەلۇم بولۇشىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىلى مۇنداق دېدى :«سوۋېت ئىتتىپاقى بارلىق ئۇسۇللار بىلەن خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇقىنى قوغدايدۇ ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدۇ[39]. «شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقە» ناملىق دوكلاتتا ۋەقە «چار رۇسىيە توپىلىكى» دەپ ئاتىلىپتۇ، ئەمما غۇلجىدىكى بۇ قوزغىلاڭدىن كەمىنە بىر ھەپتە بۇرۇن جانابلىرى پۇداۋمىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن خەۋەر تاپتىم، بۇگۈنكى كۈنلەردە بىر نەچچە قوماندان غۇلجىنى تامامەن ئىشغال قىلىپتۇ، ھەقىقەتەن يامان بولدى (بۇ ۋەكىل مۇشۇ يەردە بېشىنى چايقاپ، تۆۋەن ئاۋازدا تىللايدۇ)[40]. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ئىش بىلەن يەنى چار رۇسىيە ئادەملىرىنىڭ قوزغىغان قوزغىلىڭى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ياكى قوللىشى يوقلۇقىغا ئىشىنىمەن، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىرىنىڭ «شىنجاڭ» ئۆلكىسىدە بۇنداق ھەرىكەتتە بولغانلىرى بولسا قاتتىق جازالىنىشى كېرەك». [41] خىتاي تەرەپ بۇ خىل ۋەزىيەتنى بىر تەرەپتىن، ئىچكى قىسىمدىكى سىياسىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ئۇستىدە ئىزدەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن دىپلوماتىيە جەھەتتە خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ، «شىنجاڭ»نىڭ تىنچ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سوڭ زىۋېن بىر تورلۇك «شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خىتاي - سوۋېت سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق توغرىسىدا تەكلىپ»نى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت ۋەكىلىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «شىنجاڭ» ئۆلكىسىدە ئەمدى ۋەقە چىقارماسلىقىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ كارى بولمىدى [42]. ئەمەلىيەتتە موسكۋا خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سودا ۋە ھەمكارلىق دەرۋازىسىنى تاقىغان ئىدى.

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىن سىرت، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەزكۇر ھۆكۈمەت يەنە تۆتىنچى قېتىملىق كومىتېتتا «ھۆكۈمەت خىتابنامىسى» ماقۇللاپ، ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەت خاراكتېرىنى ئېلان قىلدى:

(1) شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا خىتاينىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل - كېسەل يوقىتىش؛

(2)شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك باراۋەر بولۇش ئاساسىدا، ھەقىقىي ئەركىن، مۇستەقىل دۆلەت بولۇش؛

(3)شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛

(4) شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، بۇ دىننى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە باشقا دىندىكىلەرگە دىنىي ئەركىنلىكنى بېرىش ۋە ئۇنى قوغداش؛

(5)مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ساقلىق ئىشلىرى ساقلاش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛

(6)پۈتۈن دۇنيادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىتاي بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛

(7)شەرقىي تۈركىستاننىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەر مىللەتتىن قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەش؛

(8)بانكا، پوچتا، تېلېفون، تېلېگىرامما، ئورمان ۋە بارلىق يەر ئاستى خەزىنىلىرى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش؛

(9) دۆلەت خادىملىرى ئارىسىدا شەخسىيەتچىلىك، بىيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك ۋە خىيانەتچىلىك، چىرىكلىكتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىش[43].

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى ئامېرىكانىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. 1944 - يىلى 10 - ئايدا دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ۋۇئەيچېن ئامېرىكانىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كىلاب (Oliver Edmund Clubb ،1901 - 1989) غا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ»دىكى ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىكى مەقسىتىنىڭ «شىنجاڭ» بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى[44]. ئامېرىكانىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ۋارد (Robert S. Ward) شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ستېتىنيۇسقا(Edmard Reilly ،1900 - 1949 Stentinius. Jr)يوللىغان تېلېگىراممىدا غۇلجا ۋەقەسىنىڭ جەريانى توغرىسىدا دوكلات بايان قىلىپ، غۇلجا ۋەقەسى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن ئەمەس، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېزىلگەنلىكتىن كېلىپ چىققان قارشىلىق دەپ قارايدىغانلىقىنى، لېكىن شۇ جايدىكى ھەممە كىشىنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بار دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[45]. 1945 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ۋارد «شىنجاڭ» رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننى زىيارەت قىلىپ، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تەپسىلاتىنى ئىگىلەپ، ئامېرىكانىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[46]. 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋارد، ۋۇ جۇڭشىننى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىپ، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە تىرىشتى. بۇ قېتىمقى زىيارەتتىن كېيىن ۋارد، غۇلجا ۋەقەسىنىڭ ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ كونترول قىلغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان بولدى[47]. 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككىنچى كاتىپى سىمىسنىڭ ئەسلەتمىسىدە غۇلجا ۋەقەسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق ئىپادە قىلىنغان ئىدى[48]. سىمىس، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئىككىنچى كاتىپىغا تەيىنلىنىشتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇل بولغان، شۇڭا بۇ ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئاز - تولا خەۋەردار ئىدى. ئەمما، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋەدىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، بۇ ۋەقەنى كۆزىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ھەتتا بۇ ۋەقەنىڭ ئارقىسىدا موسكۋا يوق دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. مەسىلەن، ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلىي (1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گائۇس ۋەزىپىدىن ئىستىپا بېرىپ 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خېرلىي ۋەزىپىگە ئولتۇرغان) 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16

- كۈنى ئامېرىكانىڭ دۆلەت ئىشلىرى ستېنۇسىغا تېلېگراممىا يوللاپ :«ئېيتىشلارغا قارىغاندا جۇ گېنېرال (جۇ شاۋلياڭ) پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىقلا كېلىشىم هاسىل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن، چۈنكى ئۇ توپىلاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يول كۆرسەتكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىكەن. لېكىن، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا كونسۇللارنىڭ پىكرى بىردەك، يەنى توپىلاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئىچكى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرادىكى توپىلاڭچىلارغا بولۇپمۇ ئوخشاش مىللەتتىكىلەرگە هېسداشلىقى بولۇشى مۇمكىن»[49].

غۇلجا قولدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ هۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ»دا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن جىڭنىڭ غەربىگە چېكىندى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ هەربىي كۈچى ئېلىنى ئالغاندىن كېيىن، نىشانىنى چۆچەككە بۇراپ، ئۈچ ۋىلايەتنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولدى. 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇ شاۋلياڭ جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ «هازىرقى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتقاندا چېگخەيدىن ئىككى شى ئاتلىق ئەسكەر كېلىشى مۇۋاپىق» دەپ تەكلىپ بەردى[50]. جياڭ جيېشى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇ شياۋلياڭغا خەت يېزىپ :«جىڭنىڭ غەربىدىكى قىسىملار ئالدى بىلەن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلنى قوللىنىپ جىڭ (جىڭگول، Jing Kol)، شىخۇ (كۇر قارا ئوسۇ، Kur Qara Usu)ئەتراپىدىكى بىخەتەر رايونلاردا مۇداپىئە كۆرۈش، نىشاندىن ئاداشماي ئالدىن بەلگىلەنگەن ئىستراتېگىيەگە ئەمەل قىلىش، شۇنداقلا، شىنجاڭنىڭ مۇھىم تايانچ پونكىتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بازىسى دەپ قاراش كېرەك. ئەگەر هەممىسىنى ساقلىيالمىز دېسەك، پۈتۈن شىنجاڭ قولدىن كېتىپ، يىغىشتۇرۇش تەس بولىدۇ» دەپ يوليورۇق بەردى[51]. ۋۇ جۇڭشىن 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ، «شىنجاڭنىڭ هازىرقى قاتناش، ئاشلىق، قورال - ياراغ، هەربىي مەنبەلىرى بىلەن پۈتۈن تايانچ پونكىتلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ناهايىتى تەسلىكىنى، مەسىلەن، جىڭنىڭ غەربىدىكى تاغ ئېغىزلىرى قولدىن كەتسە، جىڭنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پۈتۈن شىنجاڭدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، قوزغىلاڭنىڭ شەرقىي شىمالغا قاراپ يامرىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقى»نى بىلدۈردى52. بۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى هۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قەدەممۇ - قەدەم ئۈرۈمچىگە قىستاپ كېلىۋاتاتتى. 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى53. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى غۇلجا هۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى جىڭغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچىنى تەڭشەپ، ئۇرۇش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى[54]. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇ شياۋلياڭمۇ هەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەڭشەپ، مۇداپىئە مۇهىم نۇقتىسىنى جىڭ، شىخۇ ئىككى جايغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى[55].

6 - ئاينىڭ باشلىرى غۇلجىدىكى هەربىي ئىشلار باش قوماندانلىق ئىشتابى جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا ئۈچ تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىش پىلانى تۈزۈپ چىقتى. شىمالىي سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، چۆچەك، ئالتاي رايونلىرىنى ئىشغال قىلىش؛ ئوتتۇرا سەپنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش ۋەزىپىسى شىخۇ، جىڭلارغا هۇجۇم قىلىپ ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە بېرىش؛ جەنۇبىي سەپنىڭ

ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى باي، ئاقسۇ، «جەنۇبىي شىنجاڭ» رايونلىرىدا قوراللىق كۈرەش قىلىش ئىدى[56]. بۇ ئىستراتېگىيەلىك پىلان ئەمەلگە ئاشسا، جەنۇبتىن ۋە شىمالدىن ئۈرۈمچىگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن «شىنجاڭ»نى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى[57]. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيە پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇم قوزغىدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مىللىي ئارمىيە شىمالىي سەپتە چۆچەك ۋە ئالتاي رايونلىرىنى ئىشغال قىلىپ، جەنۇبىي سەپتە مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ، «جەنۇبىي شىنجاڭ»دا كەڭ كۆلەمدە پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇردى. ئوتتۇرا سەپتە بولسا جىڭ ۋە شىخونى ئىشغال قىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە كەلدى. ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر يۈز قىرىق نەچچە كىلومېتىر بولۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىيەلىگۈدەك ھالەتتە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ئۈرۈمچىنى ئېلىپ، شىڭشىڭشاغىچە يېتىپ بارغۇدەك ئىنتىلىش بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە ئۇرۇشنىڭ ئوتى چاقناپ، خىتايلار خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى[58]. شۇنىڭ بىلەن «شىمالىي شىنجاڭ» رايونىنى غۇلجا ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي كونترول قىلدى. 1944 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى[59].

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغانلىقى ئەينى ۋاقىتتا تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىم تېمىسى ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شىنجاڭدا مۇقىم ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ھاكىمىيەتنىڭ بار - يوقلۇقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئىزچىل ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ، ئىقتىسادىي ئالاقە باغلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل كۈچلەرنى يۆلەپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن ھاكىمىيەت قۇرۇشىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تۈرتكە بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان خىتاي - سوۋېت چېگراسىنىڭ تىنچ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئىمكانقەدەر كۆپ پايدىغا ئېرىشەلەيتتى»[60]. تارىخ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، رۇسىيەنىڭ خىتايدىكى مەنپەئەتى، خىتاي بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئۈچ رايونغا، يەنى شەرقىي شىمال، موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رۇسىيە تىنچ ئوكياندا توڭلىماس پورت ۋە دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى تېپىش مەقسىتىدە، خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىنى كونترول قىلىش ھوقۇقى ئۈچۈن ياپونىيە بىلەن كەسكىن رىقابەتكە كىردى؛ سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارتېرىيەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، روھىيەت يەنە موڭغۇلىيە رايونىدا زېمىنى كەڭ تەڭپۇڭ رايون دۆلىتى قۇرۇشقا تىرىشتى. ئىستالىن رۇسىيەنىڭ يىراق شەرقتىكى ئەنئەنىۋى دىپلوماتىيە ئىستراتېگىيەسىگە ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن خىتايغا قاراتقان سىياسىتىنى بېكىتىپ، شەرقىي قىسىمدا ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى تارتىۋېلىش ۋە لۈشۈن ئېغىزىنى كونترول قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن تىنچ ئوكيانغا بارىدىغان دېڭىزغا چىقىش ئېغىزىنى قوغدىشىنى نىشان قىلدى؛ ئوتتۇرا رايوندا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ خىتايدىن مۇستەقىللىقىنى قوللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى يېڭى بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىنى نىشان قىلدى[61]. دۆلەت مەنپەئەتى جەھەتتىن قارىغاندا، موسكۋانىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى چاررۇسىيە دەۋرىدىكى رۇسىيەنىڭ شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىر دائىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، ئىستالىن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن قايسى شەكىلدە ساۋاق ئېلىش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قانداق كاپالەتلىك قىلىشنى ئويلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ خەۋپسىزلىك ئىستراتېگىيەسى چاررۇسىيەنىڭ خەۋپسىزلىك ئىستراتېگىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى بوشلۇقنى ۋاقىتقا ئالماشتۇرۇش، يەنى زېمىن دائىرىسىنى چەكسىز كېڭەيتىش ھەمدە قوشنا دۆلەت ۋە رايونلاردا تەسىر دائىرىسى كۆچەيتىش ئارقىلىق مەركىزىي رۇسىيەنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماقچى ئىدى[62]. بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ئامېرىكالىق ئالىم بېروتكوسىنىڭ دېگىنىدەك: ئىنتايىن كەڭرى بولغان رۇسىيە تۈزلەڭلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قىلچە قوغدىنىشى بولمىغان چېگراسى، ئۇنى ئاسانلا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇداپىئەنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كېڭەيتىش بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى. شۇنىڭ ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، رۇسىيەمۇ بارا - بارا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان «جۇغراپىيەلىك دائىرىسىنى كونترول قىلىشنى يادرو قىلغان بىخەتەرلىك قارىشى»نى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئالاھىدە بىخەتەرلىك قارىشى خىتايغا قارىتىلغان سىياسەتتە ئىپادىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان، موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيە رايونلىرىنى تالىشىش ۋە بۇ رايونلارنىڭ كونتروللۇقىنىڭ رۇسلارنىڭ قولىدا بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى[63]. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ غەربىي قىسمىغا بولغان نىشانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرىنى ساقلاپ قېلىپ، موسكۋانىڭ كونتروللۇقىدا ياكى ھېچبولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن يەرلىك ھاكىمىيەتتىكە تۇرتكە بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. رېئال نۇقتىدىن قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا بۇنداق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىر قەدەر ئاسان، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدۇ[64]. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاننى سوۋېت ئىتتىپاقى ياكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتكە قوشۇۋېتىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق ئەمەس، 1945 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن، تاشقى موڭغۇلىيە تامامەن مۇستەقىل بولدى، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىغا جايلاشقان تۇۋا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرىشىنى قوبۇل قىلىپ، رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ تۇۋا ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايلاندۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەرلەرنى ئاسانلا يۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بار ئىدى. ئەمما بۇ موسكۋانىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە پايدا زىيان ئانالىزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن كۆز قارىشى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، جاڭ داچۈن بولسا :«بۇ قورچاق جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش ئارقا كۆرۈنۈشى

مۆرەككەپ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ مەقسىتىمۇ چوڭقۇر، بولۇپمۇ 1943 - يىلى 10 - ئايدا تېھران يىغىنىدىن كېيىن، ئامېرىكا سوۋېت ئارقىلىق خىتايغا ياردەم بەرمەكچى بولدى، ئىستالىن خىتاينىڭ خەلقئارادىكى زور قوللاش كۈچىگە ئېرىشكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، خىتايغا بېرىلىدىغان ياردەمنى توسماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى قىسمەن خۇيزۇلار توپىلىڭىنى قوزغاپ، يولنى توسۇۋالدى. ئەسلىدە تېخىمۇ بەكرەك شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتكە قارشى تۇرغانلىقىدىن ئۆچ ئېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت كۈچىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، فاتىخ (1980 - 1900، Fatih Muslimov)نى قوللاپ، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى، يالغانچى مىللەتچى ئەسەبىيلىرى ئېلىخان تۆرە(Alikhan Töre)قاتارلىقلار خىتايغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيەنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى، «دۆلەت» قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئىلىغا قايتا تاجاۋۇز قىلىش سۇيىقەستىنى پىلانلىدى[65].

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىستالىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان مىللەتچىلىك مۇستەقىللىق دولقۇنىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ خىل ھېسسىياتنى شىنجاڭغا يۆتكەپ، ئۇلارنى ئىلىغا بېرىپ، شىنجاڭدىكى خەنزۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق ئۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى»[66] دەپ قارايتتى.

خىتاي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆز قارىشىچە، گەرچە ئۈچ ۋىلايەتتىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ» يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلىرى «شىنجاڭ»نىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى بۇ ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى دەپ قارىغان بولسىمۇ، موسكۋا پەقەت «شىنجاڭ»دىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ خىتايدىكى مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر ئۇسۇلى دەپ قارايتتى[67]. رۇسىيەلىك ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «شىنجاڭ»دىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلىدىغان يەرلىك ۋەكىللەردىن تەركىب تاپقان ھاكىمىيەت بولۇپ، ئەسلىدىكى «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان رېئال يولغا قويۇشقا بولىدىغان پۇرسەت ئىدى[68]. ئەمما بۇ كۆز قاراش موسكۋانىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىنى غۇۋالاشتۇرغاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم «شىنجاڭ»دىكى مەنپەئەتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا تەن بەرمەيدۇ، ھەم ئۆز چېگراسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىر بازىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى. شۇڭا ئۇ «شىنجاڭ»دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىقىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ «شىنجاڭ»دىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى «شىنجاڭ»دىكى تۈرلۈك ھوقۇق مەنپەئەتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە ھەر قانداق دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى دەپ قارالغان «شىنجاڭ»غا تەسىر قىلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك ئىدى[69]. شۇڭا، ئىستالىن ھەل قىلماقچى بولغان يادرولۇق مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قوشنا بولغان «شىنجاڭ»، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە مانجۇرىيەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئىستراتېگىيەلىك خەۋپسىزلىك چەمبىرىكى»گە كىرگۈزۈپ، بۇ رايونلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا

قارشى كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا، ھەر قانداق ئۈچىنچى دۆلەت كۈچلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە يول قويمايتتى[70]. دەرۋەقە، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر تەكشۈك رايون قۇرۇلۇشى موسكۋانىڭ «شىنجاڭ»دىكى ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق؛ ئۇنىڭدىن باشقا، مەيلى خىتايلار بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتلەر بولسۇن، «شىنجاڭ»دا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل ھاكىمىيەت قۇرۇلسىلا، موسكۋانىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭا «شىنجاڭ»دا قۇرۇلغان ھاكىمىيەت شۇ جايدىكى مىللەت ياكى خىتايلار بولسۇن، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ»دىكى مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرسىلا، ھەر قانداق «شىنجاڭ» ھاكىمىيىتىنى موسكۋا قوبۇل قىلالايتتى.

گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيەنىڭ غۇلجا ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرىگە بولغان تونۇشىدا پەرقلەر بار ئىدى: ئەينى چاغدىكى مىللىي ھۆكۈمەت (گومىنداڭ) بۇ ۋەقەنى سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان «توپىلاڭ» دەپ قارايتتى؛ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولسا، غۇلجا ۋەقەسىنى ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى بىر مەيدان ئىنقىلاب، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارايتتى. خىتاي ھۆكۈمەت تەتقىقاتچىلىرى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى يەنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نى، شەك شۈبھىسىزكى، «شىنجاڭ»نىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بىر قېتىملىق زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىنقىلابىي ھەرىكەت دەپ باھا بېرەتتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى پارتكومىنىڭ تۇنجى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ (1913 - 2001) نىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا بەرگەن باھاسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تونۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ :«ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلغارلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بىيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى داغدۇغىلىق ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ماسلىشىشى، ئىستالىن رەھبەرلىك قىلغان دەۋردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا پارتلىغاندا گومىنداڭغا قارشى كۈرەش بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»[71]. لېكىن، تارىخىي پاكىت ئالدىدا، خىتاي ھۆكۈمەت تەتقىقاتچىلىرى بۇ ۋەقەنى تەتقىق قىلغاندا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شىنجاڭ»دىكى سىياسەت - تەدبىرلىرىنى قانداق تونۇش ھەقىقەتەن قىيىن مەسىلە72. خىتاي ھۆكۈمەت تەتقىقاتچىلىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىش ھەمدە گومىنداڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشىنى، پەقەت بىر «خاتالىق ئۆتكۈزۈش» دەپ ھۆكۈم قىلىش بىلەن چەكلەندى ھەمدە شۇنداق بىر باھا بەردى :«‹ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى› نىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئىككى خاتالىق ئۆتكۈزگەن، بىرى، ‹شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى› نىڭ مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقى [بۇ ئاساسلىق توققۇز خىتابنامىدە ئىپادىلىنىدۇ]، يەنە بىرى، خىتايلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ، خىتايلار ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلماي، خىتايلاردىن ئۈچ ئېلىپ ئۆلتۈرۈش ھادىسىسى يۈز بەر بەرگەن»[73]. ھالبۇكى، شەرقىي

تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ۋە كېيىنكى مەزگىلدە بولسۇن، بارلىق رەھبەرلەر بۇ ھەرىكەتنى «مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» دەپ قارايتتى [74].

غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جياڭ جيېشىغا زور زەربە بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەقەنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا، ئالاقىدار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىش توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى. 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى «شىنجاڭ مەسىلىسى، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە، چاۋشيەن مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەتقىقات دوكلاتى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جياڭ جيېشىغا:«شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا، بىز سوۋېت تەرەپنىڭ تاكتىكىسىغا قارىتا تاقابىل تۇرۇش نىشانىنى پىلانلىشىمىز كېرەك، بىزنىڭ ئىلگىرىكى مىللىي سىياسىتىمىزدىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ئاسانلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ ئاسىيلىق قىلدى. دەرھال ئالدىنى ئېلىش پىلانى تۈزمىسەك، ۋەقە يۈز بەرگەن ھامان، يىغىشتۇرماق تەس بولىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلىرىنى تىنچلاندۇرۇش، ئىلگىرىكى ئىزچىل يۈقىرى بېسىملىق سىياسەتتىن ۋاز كېچىش كېرەك. شۇڭا بىزنىڭ نازارىتىمىز ۋە يېتەكچىلىكىمىز ئاستىدىكى ئاپتونومىيە بېرىلسە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكە مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىنى چۆچۈتۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. قاتناشنى ياخشىلاپ، ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسىنى قولايلاشتۇرۇش كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئارا مەنپەئەت ئېلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئورنىتىش. تاكتىكا جەھەتتە، «ئەگەر ئەنگلىيە، ئامېرىكانىڭ ياردىمى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گۇمانىنى قوزغىسا، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ يول تۇتۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماسلىشىش كېرەك. شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ۋاقىتنچە مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ[75].

جياڭ جيېشى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ بەرگەن تەكلىپىگە ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىدى؛ ئۇنىڭ قارىشىچە: بۇ ئىش سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە چېتىلىدۇ، يېنىكلىك قىلىشقا بولمايتتى [76]. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ» ۋەقەسىنى ھەل قىلىشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقى، موسكۋانىڭ بىۋاسىتە قول تىقىشىدىنلا كېلىپ چىققان ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى كونترول قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بىلەن «شىنجاڭ»دىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، تىل، دىن جەھەتتە ئورتاقلىقى ئىگە، چېگرا ھالقىغان مىللەتلەرگە ئوخشاش «شىنجاڭ»دىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جەلپ قىلىش رولىغا ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە «شىنجاڭ»نىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىدى. ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ جىجوڭ (1890 - 1969)جۇغراپىيەلىك سىياسىي نۇقتىسىدىن «شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخى، جۇغراپىيەلىك، مىللىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۈرلۈك قويۇق مۇناسىۋىتى بار «دەپ تەكىتلەيدۇ[77]. جاڭ جىجۇڭ «شىنجاڭ»

بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىچكى مۇناسىۋىتىدە رېئال تونۇشقا ئىگە ئىدى :«مەيلى مىللەت، ئىقتىساد، جۇغراپىيە جەھەتتە بولسۇن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق. جۇغراپىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا چېگراداش قوشنا. مىللەت بويىچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئۆزبېك مىللىتى بار، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزبېك جۇمھۇرىيىتى بار؛ شىنجاڭدا قازاق مىللىتى بار، سوۋېت ئىتتىپاقىدا قازاق جۇمھۇرىيىتى بار، ئالمۇتا ئۇنىڭ پايتەختى. شىنجاڭدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئوخشاش مىللەت بار ۋە بۇ جۇمھۇرىيەتلەر قوشنا. بۇ مىللەتلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئادىتى، تىلى، يېزىقى، دىنىي، ئېتىقادى ئوخشاش. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا،... شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەمىنلىشىگە تايىنىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭغا ئايرىلماس ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى شۇنداق ئىكەن، بىز دىپلوماتىيە جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئۆتمىسەك بولامدۇ؟ شۇڭا مەن ‹پۈتۈن مەملىكەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ساقلىشى كېرەك؛ بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ ياخشى دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاش كېرەك»[78]. بۇ پىكىر جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بىر پوزىتسىيەدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا دوستانە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى[79]. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غۇلجا ھاكىمىيىتىگە ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋە پارچىلاش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ، ئەمما ئىككى جەھەتتىن تەڭ ئېلىپ بارغان سىياسىتى سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىغان بىر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە ئانچە كارغا كەلمىدى.

## دىپلوماتىك ئەۋزەللىكنى قوغداش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان»نى ئىستراتېگىيەلىك قوللىنىشى

غۇلجا تەرەپ ئاكتىپ ھالدا ئەمەلىي كۈچىنى كېڭەيتىۋاتقان ۋاقىتتا، ئامېرىكا، سوۋېت، ئەنگلىيە، ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرى 1946 - يىلى ئىككىنچى ئايدا يالتادا ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يىغىنىنى ئاچتى. گېرمانىيەگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە بۇ قېتىمقى ئامېرىكا - سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولسا، ئىستالىننىڭ رەسمىي شەكىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى ئىدى. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى يىغىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىكى مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك قىسمى ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى. چىن جىخۇانىڭ قارىشىچە، يالتا يىغىنىدا ئىستالىننىڭ «شىنجاڭ» مەسىلىسىنى بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئالماسلىقى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس ۋە ياكى سەل قاراپ قېلىشمۇ ئەمەس. بەلكى بۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي سىياسىتىدىكى ئاساسلىق نىشانى ۋە نېگىزلىك مەنپەئەتى ئىچىدە «شىنجاڭ مەسىلىسى»نىڭ موسكۋا خالىغان ۋاقىتتا ئوينىيالايدىغان دىپلوماتىك كارتا ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇڭلاشقا سوۋېت ئىتتىپاقى

بىر تەرەپتىن ئامېرىكانىڭ جياڭ جيېشىغا بېسىم قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى يالتا يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىشىنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىياللارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي - سوۋېت ئارىسىدىكى بىۋاسىتە سۆھبەتلەردە شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر كوزىر سۈپىتىدە قوللىنىشقا تىرىشتى[80].

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىشى ۋە خىتاينىڭ مەنپەئەتكە ئېرىشىشى

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقا كىرمەسلىك ئۈچۈن (گېرمانىيە، ياپونىيە)، 1941 - يىلى ئاپرېلدا ياپونىيە بىلەن تەرەپسىزلىك شەرتنامىسى ئىمزالاپ، بىر - بىرى بىلەن ئۆز ئارا تۇپراقلىرىغا تاجاۋۇز قىلمايدىغانلىقىغا، قارشى تەرەپ ئۇرۇشقا كىرگەندە بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىستالىن بۇ شەرتنامىگە يوشۇرۇنچە خىلاپلىق قىلدى. تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى پارتلاشنىڭ باشلىرىدا، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. 1941 - يىلى دېكابىر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كوردېل خول(1871 - 1955 Cordell Hul)سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئامېرىكادىكى باش ئەلچىسى ماكسىموۋىچ لىتۋىنوف (Maksim Maksimovich Litvinov، 1876 - 1951) بىلەن كۆرۈشكەندە بۇ مەقسىتىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لىتۋىنوف سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىر گېرمانىيەگە قارشى جىددىي بىر ئۇرۇش ئىچىدە بولغانلىقىدىن يىراق شەرقتىكى ئۇرۇشقا كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى[81]. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىستالىن 1949 - يىلى دېكابىردا جياڭ جيېشىغا 1942 - يىلى ئاۋغۇستتا ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باش ئەلچىسى خاررىمانغا، شۇ يىلى پىرېزىدېنت روزۋېلتنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى خورلېيغا، 1943 - يىلى 10 - ئايدا ئامېرىكا – ئەنگلىيە - سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ دۆلەت موسكۋادا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ئاچقاندا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كوردېل خولغا قايتا - قايتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[82]. شۇ يىلى 1 - نويابىر جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىق خەۋىرىنى ئوقۇپ ئۇزۇن بولمايلا بۈيۈك ئەلچى فۇبىڭ چاڭ ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خولغا ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشسا، خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھەرقانداق بىر ئىتتىپاق قۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلىدى[83]. ئىستالىن 1943 - يىلى دېكابىردا ئۆتكۈزۈلگەن تېھراندىكى يىغىن مەزگىلىدە، روزۋېلتقا گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ياپونىيەنى مەغلۇپ قىلىشتا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى84. 1944 - يىلى ئۆكتەبىردە ئىستالىن، ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى خاررىمان سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمانىيەنى مەغلۇپ قىلىپ ئىككى ئۈچ ئايدىن كېيىن ياپونىيەگە ئۇرۇش ئاچىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى[85]. لېكىن جياڭ جيېشى موسكۋانىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ مانجۇرىيەگە ئەسكەر كىرگۈزگەندىن كېيىن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى قوللىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئامېرىكا پىرېزىدېنتى روزۋېلت قاھىرە يىغىنى مەزگىلىدە جياڭ جيېشىدىن گومىنداڭ – كومپارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، جياڭ جيېشى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي شىمالدىكى چېگراغا ھۆرمەت قىلسىلا

روزۋېلتنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدىغانلىقىنى بىلدۈردى[86]. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى قوللىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خېلى بۇرۇنلا يەنى 1944 - يىلى باھاردىلا، سوۋېت ئارمىيەسى شەرقىي شىمال، شىمالىي خىتايدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەزگىلىدە سوۋېت ئارمىيەسى بىلەن خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ قوراللىق ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش پىلانىنى تۈزۈپ بولغان ئىدى[87].

موسكۋانىڭ ياپونغا قارشى جەڭ قىلىش ئىستراتېگىيەسى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى ئەگەر پەقەت ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەلا ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلسا زىيان چوڭ بولاتتى، ئەمما سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ياپونغا قارشى ئۇرۇش چىقىمىنى تەبىئىي ھالدا ئازلىتاتتى، شۇنىڭدەك ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ۋاقتىمۇ قىسقارغان بولاتتى. 1944 - يىلى سېنتەبىردە ئېچىلغان Québec (كانادادا بىر شەھەر) يىغىنىدا (17\8\1943 - 24\8) روزۋېلت ۋە چېرچىل، ئامېرىكا ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت ئىشتاب باشلىقلىرىنىڭ تەخمىنىگە ئاساسەن، ياپونىيەنىڭ تەسلىم بولۇش ۋاقتى ياۋروپادىكى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ 18 ئاي ئىچىدە بولىدىغانلىقى بېكىتىلدى. ئىشتاب باشلىقلىرى يەنە ئەگەر جەڭ ياپونىيە تۇپراقلىرىدا بولسا بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادىمىنىڭ چىقىم بولىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىشتى[88]. ئامېرىكا - ئەنگلىيەنىڭ بۇ ئەنسىرەشلىرى تاكى ئامېرىكا 1945 - يىلى 16 - ئىيۇل ئامېرىكا بىرىنچى ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىپ ياساپ چىققۇچە داۋاملاشتى. 1945 - يىلى 23 - يانۋار ئامېرىكا ئىشتاب باشلىقى بىرلەشمە يىغىنىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ترۇمانغا «رۇسىيەنىڭ مۇمكىن قەدەر ئۇرۇشقا بالدۇر قاتنىشىشى ۋە زەربە خاراكتېرلىك ئۇرۇش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى، بىزنىڭ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىمىزنى ئەڭ چوڭ دەرىجىدە قوللىشى ھەقىقەتەن زۆرۈر» دېگەنلىكىنى بىلدۈردى[89]. مۇشۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەمكارلىشىشىغا موھتاج. يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا خىتاينىڭ تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى ئۇستىگە ئالالايدىغان ۋە ياكى ئالالمايدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتى[90]. شۇڭلاشقا ياپون ئارمىيەسىگە قارشى يەنىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي كۈچىگە ئېھتىياجلىق ئىدى[91]. ئەينى ۋاقىتتا ۋاشىنگتون، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى تەسىر كۈچ دائىرىسىگە ئەكىرىپ خىتاينىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭلاشقا جياڭ جيېشىنىڭ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپونغا ئورتاق قارشى تۇرۇش پىكرىنى بەرگەن ئىدى.

لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياپونغا قارشى ئورۇشقا قاتناشتۇرۇشنىڭ مەلۇم بەدەللىرى بار ئىدى. 1934 – يىلى 30 - نويابىر تېھراندىكى يىغىنىدا روزۋېلت چېرچىل ۋە ئىستالىن چۈشلۈك تاماق ئولتۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇز تۇتماس پورتقا تۆمۈر يول بىلەن باغلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئەنگلىيە باش مىنىستىرى چېرچىل ئاكتىپلىق بىلەن رۇسىيەدەك بىپايان بىر زىمىننىڭ مۇز تۇتماس پورت بىلەن دېڭىزغا چىقىشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. روزۋېلت دەرھال تەكلىپ تەلەپپۇزىدا دالىيەننى ئەركىن پورت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستالىن

بۇ پىكىردىن ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە بۇ پىكىرنىڭ ياخشى بىر تەكلىپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى[92]. ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇشقا قاتنىشىش نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، 14 - ئۆكتەبىر موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئامېرىكا ھەربىي ئىشلار پولك كوماندىرى دېئانى ئىستالىندىن قاچان ياپونغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنىڭ پۈتىدىغانلىقى ۋە قاچان باشلايدىغانلىقى ھەققىنى سورىدى. ئىستالىن گېرمانىيە مەغلۇپ بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن قىزىل ئارمىيەنىڭ ياپونىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. لېكىن ئىستالىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ چوقۇم سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ سىبىرىيەدىكى ماددىي ئېھتىياجلىرىنى ۋە بەزى سىياسىي تەلەپلىرىنى ئورۇندىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. موسكۋا تەرەپ ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى رەسمىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويمىدى. بۇ شەرتلەر بەلكىم بەلگىلىك بىر ۋاقىتتا ئېھتىياج ئىدى[93]. ئەمما خىتاي، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ قۇربان قىلىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان ئىدى. 14 - ئۆكتەبىر چۇڭچىڭنىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى گۇۋجۇن جياڭ جيېشىغا ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك قوماندانلىرى بىلەن پاراڭلاشقان مەزمۇننى دوكلات قىلدى. دوكلاتتا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەلگۈسىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىش مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى ۋە سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇشقا چوقۇم قاتنىشىدىغانلىقى، لېكىن يىراق شەرقتىكى لۈشۈن مۇز توڭلىماس پورتىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، ئەنگلىيەنىڭ قوشۇلغانلىقى ئامېرىكانىڭ بولسا قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى» بايان قىلىندى[94].

جياڭ جيېشى بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى ۋە گۇ ۋېيجۈندىن ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىدى. گۇۋېيجۈننىڭ «ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا بالدۇرراق قاتنىشىپ ياپونىيەنى مەغلۇپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ لۈشۈن پورتىنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ بىر شەرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى» دەپ تېلېگراممىا قايتۇردى[95]. 14 - دېكابىر باش كونسۇل خارمەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئىستالىن بىلەن بىر سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ ۋاقىتتا ئىستالىن تۆت شەرتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار :

ۋىلادىۋوستوكنىڭ (Vladivostok) بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كۇرىل تاقىم ئاراللىرى (Kuril Islands) ۋە ساخالىن ئارىلىنىڭ (Sakhalin Island) سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلۇشى

لۈشۈن، دالىيەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان پورتلىرى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىجارە بېرىلىشى.

ئوتتۇرا شەرق (خىتاينىڭ شەرقىي ئوتتۇرا تۆمۈر يولى) ۋە مانجۇرىيە تۆمۈر يولى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىجارە بېرىلىشى.

تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلىش يەنى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەت ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش[96].

ئىستالىن تەكىتلەپ «ئەگەر بۇ شەرتلەر قانائەتلەندۈرۈلمىسە، مەن ۋە مولوتوف رۇسىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش

قىلىدىغانلىقىنى خەلققە چۈشەندۈرۈش تەس بولىدۇ» دېدى. ئىستالىن بۇ شەرتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شەرتنامىگە ئالاھىدە قىلىپ «ئۈچ تەرەپنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تەلەپلىرى ياپونىيە مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن شەك - شۈبھىسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» دەپ يېزىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى[97]. ئامېرىكا تەرەپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن ئۇلارمۇ يەتتە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى[98]. ئەلۋەتتە، بەزى شەرتلەرگە جىياڭ جىيېشى قوشۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپون ئۇرۇشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان بەدىلى 1945 - يىلى 11 - فېۋرال يالتا يىغىنىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى كاتتىلىرىنىڭ مەخپىي توختام شەكلىدە ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتى[99]. ئەلۋەتتە، ئامېرىكا خىتاينى بۇ شەرتنامىدىكى تەلەپلەرگە ماقۇل قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى[100]. ئامېرىكا ھەيئەتلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىسى باردەك قىلاتتى[101]. ئەمەلىيەتتە يالتا يىغىنى چاقىرىلىشتىن بۇرۇنلا ئامېرىكادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش پىكرىدە بىرلىككە كېلىپ بولغان ئىدى[102].

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى ھەقىقىي مەقسىتىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. 19 - ماي دۆلەت باش كاتىپى ۋەكىلى گىرېۋ(Joseph Grew، 1880 - 1965) ئۆزىنىڭ بىر خاتىرىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ناتسىست گېرمانىيەسىگە ئوخشاتتى. ئۇ پەرەز قىلىپ، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىغا كىرسە ياپونىيەنىڭ شەرقىي ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكياندىكى ئۇستۇنلۇكىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. «موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە ۋە چاۋشيەن بارا - بارا رۇسىيەنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خىتاي، ئەڭ ئاخىرىدا ياپونىيە[103]. ھالبۇكى، ئامېرىكا ھەربىي ئەمەلدارلىرى گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ئاسىيادا كۈچ دائىرىسى شەكىللەندۈرۈش تەخمىنىگە قوشۇلسىمۇ، ئەمما شارائىتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتى. 1945 - يىلى فېۋرالدا گېنېرال Douglas MacArthur، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىدىكى مەلۇم بىر ئەمەلدارغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتكۈل مانجۇرىيەنى، چاۋشيەننى ئىگىلەش خىيالى بارلىقى، يەنى، بەلكى شىمالى خىتاينىڭ مەلۇم قىسمىدىمۇ كۆزى بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكى، لېكىن ئۇنىڭ قارىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ يەرلەرگە ئىگە بولۇشىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ بەدىلىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئامالىنىڭ بارىچە مانجۇرىيەگە بالدۇرراق ئەسكەر چىقارغۇزۇشىنىڭ ئەڭ ئاقىلانىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى دېڭىز ئارمىيە بۆلۈم باشلىقى James Forrestal، گېنېرال Douglas MacArthur بىلەن كۆرۈشكەندە، MacArthur ئۆز كۆز قارىشىنى ناھايىتى كۈچلۈك تەكىتلەپ، خىتاي ئۇنۇملۇك ھالدا ياپونىيەگە قارشى تۇرۇپ بولالمايدۇ، ياپون ھەربىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەشغۇل قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مانجۇرىيەدىكى ياپون قوشۇنلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي شىمال ئاسىياغا 60 دىۋىزىيە كىرگۈزەلىسە

ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ياپونىيە تۇپراقلىرىدا ئۇرۇش قىلىشى ئاسانلىشىدۇ دېدى. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە MacArthur بىرلەشمە يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېزرەك جەڭگە ئەكىرىش پىكرىدە چىڭ تۇردى[104].

ئامېرىكا تەرەپ ھېس قىلىپ يەتتىكى، موسكۋا ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ شەرتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىر كۈچىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. «قاھىرە يىغىنى» مەزگىلىدە، يەنى 1943 - يىلى 23 - نويابىر ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خاررىمان روزۋېلتقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي سىياسىتىنى باھالىغان بىر ماتېرىيال تەييارلىغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا مىنگونى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ بارلىق زېمىنىغا ھېچقانداق قارا نىيىتى يوقلۇقىنى تىلغا ئالغان. بۇ پىكىردە تايانغان دەلىل بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىققانلىقى بولغان. تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە بولسا: «تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشتا ياپونلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن ساقلىنىش، ھەربىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان» دەپ قارىغان.[105] خاررىماننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىگە بولغان قارىشى، غۇلجا ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يالتا يىغىنىدىن كېيىن بىرئاز چوڭقۇرلاشقان ۋە مۇكەممەللەشكەن. خاررىمان 1945 - يىلى 9 - مارت ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ستېتتىنيۇسقا يوللىغان تېلېگراممىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قول تىقىشتىكى مەقسىتى ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانىنى تەھلىل قىلغان:

1. گەرچە شەرقىي تۈركىستاندا ئاپتونومىيە ۋەزىيىتى شەكىللىنىشكە قارشى چىقىشى ناتايىن بولسىمۇ، ئەمما موسكۋانىڭ مەقسىتى ئاخىرىدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىگە ھەممىدىن كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق تاشقى ئالاقىسىنى كونترول قىلىش. بىۋاسىتە مەقسىتى بولسا، ئېھتىمال يەرلىك دائىرىلەرنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈشىگە قارىتا پەردە ئارقىسىدىن باشقۇرۇپ كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش، ئەمما ھەرقانداق سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئاشكارا ئۈستىگە ئالماسلىق.

2. يۇقىرىدىكى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن، رۇسلار قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئىشلىتىپ كۆنگەن ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بۇ رايوننىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

3. موسكۋا ئالدىراقسانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلمايدۇ. رۇسلار ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئالدى بىلەن قورچاق تەشكىلاتلاردىن كەڭ كۆلەملىك پايدىلىنىدۇ. خەتەر مۇتلەق مۇمكىنچىلىكتىن ھالقىپ كەتمىسىلا، ھەرىكەتكە ئۆتمەيدۇ. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى، سوۋېت ئىتتىپاقى بەلكىم سىناق خاراكتېرلىك ئەگىتمە ئۇسۇللار ئارقىلىق كۈچىنى قايتىدىن كېڭەيتىشى مۇمكىن. تاشقى دۇنيا ئۇنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشىنى ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيدۇ.

4. يەنە بىر مەزگىلگىچە ھېچبولمىغاندا ئىگىلىك ھوقۇقى مەسىلىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر خىتاي تەرەپ كۈچلۈك بولمىغان ياكى يەككە ھالدا ھوقۇق تەشەببۇس قىلسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەيدانىدىن قارىغاندا، خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ

قىلىشى پايدىلىق بولماسلىقى ناتايىن. موسكۋا ھامىنى مۇۋاپىق پۇرسەت تېپىپ، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا بېسىمنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

5. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتى باشتىن - ئاخىرى بۇ رايوندىكى غەرب كۈچلىرىنى ۋە غەربنىڭ پائالىيەتلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل سىياسەت ئاخىرىدا غەربنىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى ۋە غەربنىڭ باشقا پائالىيەتلىرىگە بولغان مۇئامىلىدە ئىجرا قىلىنىدۇ.

6. شۈبھىسىزكى، رۇسلار تاشقى سىياسىتىدە چوقۇم شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتداش ئاھالە ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مىللەتلىك يېقىن مۇناسىۋەتتىن داۋاملىق كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر سىياسىتىدىن ئېرىشىلگەن ھەرقانداق مەنپەئەت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىرتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ.

7. شەرقىي تۈركىستاندىكى سودىنى رۇسىيەنىڭ تاشقى سودا مونوپول تەشكىلاتلىرى ئېلىپ بارىدۇ. بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا، ئومۇمەن سىياسىي جەھەتتىن ئويلىشىش نەزەرگە ئېلىنىدۇ. قالاق مىللەتلەر بىلەن سودا قىلغاندا دائىم تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئومۇمىي بىر تەسىرات شەكىللەندۇرۇپ، كىشىلەرگە رۇسلارنىڭ تاۋارلىرى ئەرزان ۋە سەرخىل، شۇنداقلا رۇسىيە تاشقى سودا ئورگانلىرىغا ئىنتايىن سېخىيلىق قىلىدۇ، دېگەن تۇيغۇنى شەكىللەندۇرىدۇ.[106]

شەك - شۈبھىسىزكى، ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ىخەتەرلىك جەھەتلەردىكى مەنپەئەتىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. چۈڭچىڭ تەرەپ بولسا گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجا ھۆكۈمىتىنى قوللاپ، مۇستەقىللىققا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، مەقسەتلىك ھالدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغانىدى. ھالبۇكى، بۇ خاررىماننىڭ موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى ھەققىدىكى مەخسۇس ئانالىزىدىن ئازراق پەرقلىنەتتى. ئامېرىكا تەرەپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قىلغاچقا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۆزىنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى ئىپادىلىمىگەنىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولسا ئامېرىكانىڭ يالتا مەخپىي كېلىشىمىدىكى ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە كاپالەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، خىتاي تەرەپنىڭ ئامېرىكانى رەت قىلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى. خىتاينى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىغا قويغان ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش شەرتىنى، يەنى يالتا مەخپىي كېلىشىمىدە بېكىتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىكى مەنپەئەتى ھەققىدىكى شەرتلەرنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن، موسكۋا ھۆكۈمىتى چوقۇم چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىدىغان كوزىرغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ كوزىر ئىككى بولۇپ، بىرسى خىتاي كومپارتىيەسى، يەنە بىرسى شەرقىي تۈركىستان ئىدى.

يالتا كېلىشىمى ئاخىرلىشىپ بايانات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى 8 - فېۋرال كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى قۇربان قىلامدۇق؟»[107] دەپ يازغان بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئۈچ تەرەپلىك كېلىشىمنىڭ

خىتايغا پايدىسىز بولۇشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. ئۇندىن باشقا جياڭ جيېشى باياناتتا ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنىڭ ھېچقانداق تىلغا ئېلىنمىغانلىقىدىن گۇمانلانغان ۋە بۇ يەردە چوقۇم مەخپىي كېلىشىم بار، دەپ قارىغانىدى.[108] شۇڭلاشقا ئاكتىپلىق بىلەن مەخپىي كېلىشىمدىكى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا ئېرىشىشكە تىرىشقانىدى. بۇ جەرياندا جياڭ جيېشى يالتا كېلىشىمىنىڭ مەخپىي ھالدا ئىمزالانغانلىقىنى بىلدى، شۇنداقلا ئومۇمىي مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدى. 29 - ئاپرېل خورلى جياڭ جيېشى بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ، شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن مەخپىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىنى ئۇقتۇردى: «1. ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. 2. كۇرىل تاقىم ئاراللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ. 3. شىمالىي كورېيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. 4. لۈشۈن پورتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىجارىگە بېرىلىدۇ. 5. داليەن پورتى ئەركىن سودا پورتى سۈپىتىدە ئېچىۋېتىلىدۇ. 6. ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنىڭ پاي ھوقۇقىنى خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەڭ بۆلۈشىدۇ. خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ تۆمۈر يولىدىكى ئالاھىدە مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. 7. تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ».[109] ئاخىرىدا خورلى جياڭ جيېشىغا چوقۇم 90 كۈن ئىچىدە تۆۋەندىكىلەرنى تاماملىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى: 1. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى باھانە قىلىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنى ئېتىراپ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قاتناشتۇرۇش. 2. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش.[110] ئامېرىكا ئىزچىل ھالدا رۇسىيەنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشىدىن ئەنسىرەپ كەلگەن.[111] بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرى سۈپىتىدە، روزۋېلت ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى گومىنداڭ - كومپارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، خىتاينى ئۇرۇشتىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن، ئامېرىكاغا يېقىن بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. شۇڭلاشقا ئامېرىكا ئاكتىپلىق بىلەن گومىنداڭ - كومپارتىيە توقۇنۇشىنى ياراشتۇرۇپ، ھەمكارلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن.[112] خورلىمۇ بۇ سەۋەبتىن مەركەزكە تەكلىپلەرنى بەرگەن. سۇڭ زىۋېن (1894 - 1971) بىلەن ئامېرىكانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئىستىخبارات ئەمەلدارى پۇلنىڭ (DeWitt C. Poole) 20 - مايدىكى بىر قېتىملىق ئۇزۇن سۆھبىتىدىنمۇ چۆنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسەت يۆنىلىشىدىن كۈنسېرى ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىدەك كەيپىياتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سۇڭ زىۋېننىڭ قەيت قىلىشىچە، خىتاي تەرەپنىڭ ئەنسىرىگىنى مانجۇرىيە مەسىلىسى بولۇپ، خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقى قىسمىلىرىنىڭ مانجۇرىيەنىڭ چېگراسىنى بويلاپ قىلغان ھەربىي يۆتكىلىشىگە دىققەت قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئويلىشىش ئارقىسىدا مانجۇرىيەگە كىرىشىدىن، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ، مانجۇرىيەدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشىدىن ھەمدە مانجۇرىيەدە سوۋېتپەرەس بىر ھاكىمىيەتنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشىدىن ئەندىشە قىلغان. شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئاز سانلىق مىللەت بۆلگۈنچى كۈچلىرى»نى قوللىشىدىن، شىمالىي كورېيەدە سوۋېتپەرەس ھاكىمىيەتنى يۆلىشىدىن ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنى قوللىشىدىن ئەندىشە قىلغان.

سۈڭ زىۋېن ئامېرىكانىڭ خىتايغا بولغان قوللىشىنى خىتاي - سوۋېت سۆھبىتىنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇش - بولماسلىقىدىكى مۇھىم ئامىل، دېگەن. 113 23 - ماي جياڭ جيېشى ۋاڭ شىجېنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، سۈڭ زىۋېنغا تىرۇماندىن «ئامېرىكانىڭ يىراق شەرقتىكى پائال سىياسىتىدە چوقۇم چىڭ تۇرۇپ، خىتاينىڭ زېمىن، ئىگىلىك هوقۇق ۋە هاكىمىيىتىنى زىيانغا ئۇچراتمايدىغانلىقىنى، خىتاي تېررىتورىيەسىدە باشقا هەرقانداق ئالاهىدە ئىمتىيازغا ئورۇن يوق ئىكەنلىكىنى ئىستالىنغا مۇۋاپىق تەرىقىدە يەتكۈزۈپ قويۇش»نى ئۆتۈنۇش هەققىدە يولىيورۇق چۈشۈرگەن. [114] سۈڭ زىۋېن 25 - ماي ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ستېتتىنيۇسغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى باهانە قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكە هەققىدە تەلەپ قويسا بولمايدىغانلىقىنى، ئامېرىكانىڭ بۇنى سوۋېت هۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. [115] جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىۋاسىتە توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئامېرىكانىڭ ئادالەتكە باشچىلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

1945 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تىرۇمان يېقىن مەسلىهەتچىسى خوپكىنسنى (Harry L. Hopkins، 1890 - 1946) موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، ئىستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتايغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا ئەۋەتتى. ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باش ئەلچىسى خاررىمان خوپكىنس بىلەن بىرلىكتە 28 - ماي ئىستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتاي هەققىدە توختالغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش نىيىتى يوقلۇقىنى، شۇنداقلا خىتايغا نىسبەتەن (شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان) زېمىن تەلىپى يوقلۇقىنى، ئەگەر قىزىل ئارمىيە شەرقىي شىمالغا باستۇرۇپ كىرسە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىتاي هۆكۈمىتىدىن ۋەكىل ئەۋەتىپ، يەرلىك هۆكۈمەت تەشكىللەپ، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىستالىن يەنە خىتاينىڭ هېچقانداق رەهبىرنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئەمما «جياڭ جيېشى خىتاي رەهبەرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى، خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالايدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى، خىتاي كومپارتىيەسى رەهبەرلىرى جياڭ جيېشىچىلىك ياخشى ئەمەس دەپ ئويلايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگۈدەك ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى» بىلدۈردى. [116] ئىستالىن يەنە «خىتاي كومپارتىيەسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ جياڭ جيېشى بىلەن بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تېخىمۇ خالايدىغانلىقىنى» ئېيتتى. [117] بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن، يەنى 17 - ئاپرېل خورلى روزۋېلتنىڭ شەخسىي ۋەكىلى سۈپىتىدە موسكۋادا زىيارەتتە بولۇپ، سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، مولوتوف خىتاي كومپارتىيەسى ئەزالىرىنىڭ هەرگىزمۇ هەقىقىي كوممۇنىستلار ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ خىتايدا ئۆز نەزىرىدىكى زۆرۈر ۋە ئادىل بولغان ئىسلاهاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە ياردەم بەرمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا خىتايدا ئىچكى ئۇرۇش بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. [118] خاررىمان 10 - ئىيۇن ئىستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتاي مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يۈزتۇرانە سۆھبەت جەريانىدا ئىستالىن خاررىماننىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى، يەنى جياڭ جيېشىنىڭ خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان بىردىنبىر

ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قوللاش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە خىتاي كوممۇنىستلىرىنى «مارگارىن كوممۇنىستلىرى» دەپ ئاتىدى.[119] بۇلار ئامېرىكالىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى خىتاي كومپارتىيەسىنى قوللىمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. شۇڭلاشقا ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خارىمان مۇنداق دېگەن: «تۈرلۈك ئالامەتلەر شۇنى بەلگىلەيدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىرىنچىدىن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەزگىلدە خىتاينىڭ تىنچلىقىنى ساقلىشىنى ۋە كۈچلۈك بىر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ نىشانغا پەقەت رەئىس (جياڭ جيېشى) نىڭ يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ».[120] سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەيداننى ئىپادىلىشى ئامېرىكانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئەندىشىسىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتتى.[121] ئەمما بۇ يەردە موسكۋانىڭ مەقسىتى ئۆز خاھىشى بويىچە ئىزاھلانغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئامېرىكا ئورگان تەرەپ ئىستالىننىڭ خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىغا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن قارا نىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ماتېرىياللىرىدا پەقەت زېمىن تەلىپى يوق، دېيىلگەن.[122] ھالبۇكى، خىتاي تەرەپ موسكۋانىڭ جياڭ جيېشىنى خىتاي رەھبىرى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى، شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنى قوللىمايدىغانلىقى ھەققىدىكى باياناتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، چۈنچىڭنىڭ موسكۋاغا بولغان ئەندىشىسى بىرئاز پەسكويغا چۈشكەن. شۇڭلاشقا بەزى تەتقىقاتچىلار جياڭ جيېشىنىڭ «خىتاي - سوۋېت توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمىسىلا، ھەرقانداق تەلەپكە قوشۇلىدۇ» دەپ قارىغانلىقىنى كېسىپ ئېيتقان.[123] ئىستالىن قايتا تەكىتلىگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي سىياسىتى ترۇماننى خاتىرجەم ۋە رازى قىلدى. 2 - ئىيۇن ئامېرىكانىڭ مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گىرىۋ سان - فىرانسىسكو يىغىنىغا (San Francisco Conference، 1945 - يىلى 24 - ئاپرېلدىن 25 - ئىيۇنغىچە) قاتناشقان تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ستېتتىنيۇسقا ترۇماننىڭ تېلېگرامما مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ، سۇڭ زىۋېنغا ئىستالىننىڭ 1 - ئىيۇلدىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن موسكۋادا مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئېيتتى.[124] ستېتتىنيۇس سۇڭ زىۋېننىڭ تەييارلىق قىلىۋېلىشى ئۈچۈن مەخپىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك دەپ ئويلىغان بولسا، ترۇمان سۇڭ زىۋېن ئامېرىكادىن ئايرىلغاندا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئۆزۈم بىۋاستە ئۇقتۇرىمەن، دەپ قارىغان.[125] 9 - ئىيۇن سۇڭ زىۋېن كېلىشكىنى بويىچە ترۇماننى زىيارەت قىلىپ، مەخپىي كېلىشىمنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدى. ترۇمان سۇڭ زىۋېنغا ئالاقىدار مەزمۇننىڭ تېلېگرامما ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتىلگەنلىكىنى، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆز قولىغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى، شۇڭا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش نۇقتىسىدىن، چۈنچىڭغا يوللىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلدۈردى. سۇڭ زىۋېن قوشۇلغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ كېلىشىمنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە قىلدى.[126] ئۇندىن باشقا ئەينى ۋاقىتتا سۇڭ زىۋېن خىتاي - سوۋېت كېلىشىمىنىڭ خاراكتېرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ۋاقىتلىق ئىتتىپاقداشلىقمۇ ياكى مەڭگۈلۈك

ئىتتىپاقداشلىقمۇ؟ دېگەنلەرنى سورىدى. دېڭىز ئارمىيەسى ئىشتاب باشلىقى ۋىليام لېھي (William Daniel Leahy، 1875 - 1959) بۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئىتتىپاقى دەپ قارىدى. 127 ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى خىتاي - سوۋېت ئىتتىپاقداشلىق سۆھبىتىنىڭ مەقسىتى ۋە خاراكتېرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغانىدى. شۇ كۈنى ترۇمان گىرېۋغا خورلىغا تېلېگراممىا يوللاش ھەققىدە يولىيورۇق بېرىپ، خورلىنىڭ 15 - ئىيۇن رەسمىي ھالدا يالتا كېلىشىمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنى، ئۇنىڭ خىتاي - سوۋېت سۆھبىتى تېزىسى ھەققىدىكى تەكلىپ سۈپىتىدە جياڭ جيېشىغا ئۇقتۇرۇشقا، شۇنداقلا تىرىشىپ جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ روزۋېلتنىڭ يالتا كېلىشىمىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلغانلىقىنى ۋە قوللىغانلىقىنى، ترۇماننىڭمۇ بۇ كېلىشىمنى قوللايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.[128] ئەمەلىيەتتە خورلى 10 - ئىيۇندىلا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇپ بولغانىدى.[129]

ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايدىكى مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىستراتېگىيەلىك باسقۇچلىرىنى قوزغاتتى. 1945 - يىلى 12 - ئىيۇندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئاپولون ئالېكساندىروۋىچ پېتروۋ (1907 - 1949، 1945 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىسى بولغان) سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن جياڭ جيېشىغا مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. لۈشۈن پورتىنى ئىجارىگە بېرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى بازىسىنى قۇرۇپ چىقىش.

2. داليەن سودا پورتىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ پورتتىكى ئىمتىيازىغا كاپالەتلىك قىلىش.

3. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پورتنى ئىجارىگە ئېلىشتىكى ئالاقىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خىتاينىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدىكى زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلىغان ئاساستا، خىتاي - سوۋېت بىرلەشمە شىركىتى قۇرۇپ چىقىپ، ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولى ۋە جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنى ئورتاق ئىشلىتىش .

4. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسىدە ھازىرقى ھالەتنى ساقلاش، يەنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى مۇستەقىل بىر دۆلەت دەپ تونۇش.

5. ساخالىن ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىدىغان بارلىق ئاراللار، شۇنداقلا كۇرىل تاقىم ئاراللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە قىلىش.[130]

ئەگەر رەئىس يۇقىرىقى ئاساسىي شەرتلەرگە قوشۇلسا، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي - سوۋېت دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق كېلىشىمى ئورنىتىش سۆھبىتىگە دەرھال تەييارلىنىدۇ. يەنى كېلىشىم ئورنىتىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشىغا باراۋەر بولىدۇ.[131]

روزۋېلتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي مەسىلىسىدىكى مەيدانىدا ئۆزگىرىش بولغان - بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، 1945 - - يىلى 13 - ئىيۇن بۇيرۇققا ئاساسەن موسكۋاغا بارغان خوپكىنس، ۋاشىنگتونغا قايتقاندىن كېيىن دەرھال سۇڭ زىۋېن بىلەن مۇھىم بىر ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى.

خوپكىنس سۇڭ زىۋېنغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى يەتكۈزدى. خوپكىنس بىلەن سۇڭ زىۋېننىڭ ئۇچرىشىشىدىن ئېرىشكىلى بولىدىغان تەسىرات شۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن ھېچقانداق قارا نىيىتى يوق.[132] ئىستالىن خوپكىنسقا سوۋېت ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىرەرسىنىڭمۇ ھەربىي ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوقۇم شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىلىشى كېرەك، دەپ قارىمىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.[133] ئىستالىن بۇنى خوپكىنسقا چۈشەندۈرۈپ «بۇندىن بۇرۇن تۈرلۈك ئىشلار يۈز بەردى. بۇنىڭ بەزىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، بەزىلىرىنى خىتايدىن كۆرۈش مۇمكىن. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئېھتىياجى يوق»، «دالىيەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن باشقۇرۇلسىمۇ ياكى خىتاي تەرىپىدىن يالغۇز باشقۇرۇلسىمۇ بولىدۇ، قايسىلا بولسا بولۇۋېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى لۈشۈن پورتىنى ۋە شەرقىي شىمال تۆمۈر يولىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجارىگە ئېلىشنى خالايدۇ» دېدى.[134] ئىستالىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاستىرتتىن ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن قارا نىيىتى يوقلۇقىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، بۇ ئەكسىچە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان قاتتىق قىزغىنلىقىنى يوشۇرۇن كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىستالىن «شەرقىي تۈركىستانغا قارا نىيىتى» يوقلۇقىنى ئىپادىلەش ئاساسىدا، يەنە مانجۇرىيەدىكى تۈرلۈك مەنپەئەتلىرىنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ۋاز كېچىشنى مانجۇرىيەدىكى مەنپەئەتكە تېگىشىدىغانلىقىنى خىتايغا ئەگىتىپ ئۇقتۇرۇپ، خىتاينىڭ ئىككىدىن بىرىنى تاللىشىنى كۈتتى. بۇ نىشانغا يېتىش ۋە مەنپەئەتلىرىنى قانۇنىي يوسۇندا كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىستالىن سۇڭ زىۋېننىڭ 1945 - يىلى 1 - ئىيۇلدىن بۇرۇن موسكۋاغا كېلىپ سۆھبەتلىشىشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە ئەگەر خىتاي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي شەرتلىرىنى قوبۇل قىلسا، قىزىل ئارمىيەنىڭ 8 - ئايدا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[135] 14 - ئىيۇن سۇڭ زىۋېن يەنە بىر قېتىم پرېزىدېنت ترۇمان بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ «لۈشۈن، دالىيەنلەرنى ئىجارىگە بېرىش مەسىلىسىنىڭ قىيىن تەرىپىدۇر. دۆلىتىمىز خەلقى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، خىتايدا ھەرقانداق ئىجارىگە بېرىلگەن زېمىننىڭ بولۇشىنى خالىمايدۇ» دېگەنلەرنى بايان قىلدى. ترۇمان بولسا ئۇنىڭ «ئاساسلىق مەنپەئەتىنىڭ ئامال قىلىپ يېتەرلىك ۋاقىت ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنى يىراق شەرقتىكى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۇرۇشنى قىسقارتىپ، ئامېرىكالىقلارنىڭ ۋە خىتايلارنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىكەنلىكى»نى بىلدۈردى.[136] شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ يالتا كېلىشىمىنى قوللاشقا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتى. سۇڭ زىۋېن ئامېرىكانىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى ئاشكارىلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە 15 - ئىيۇن ئامالسىز خىتايغا قايتتى.

1945 - يىلى 15 - ئىيۇن ئامېرىكانىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خورلى بۇيرۇققا بىنائەن يالتا كېلىشىمىنىڭ مەزمۇنىنى رەسمىي ھالدا جياڭ جيېشىغا ئۇقتۇردى. خورلى پرېزىدېنت ترۇماننىڭ مۇتلەق مەخپىي بولغان «خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېلىشىم تېزىسى ھەققىدە ئىزاھات» ناملىق مېموراندومۇنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا يالتا كېلىشىمىنىڭ بارلىق مەزمۇنى ئىلاۋە قىلىنغان. مېموراندومىنىڭ مەزمۇنى بولسا:

1. ئىستالىن پۈتۈن كۈچى بىلەن جياڭ جيېشى رەھبەرلىكىدىكى خىتاينىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

2. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتايغا رەئىس جياڭ داۋاملىق رەھبەرلىك قىلدى.

3. ئىستالىن خىتاينىڭ بىرلىككە كەلگەن، تىنچ بولۇشىنى كۈتتى، شۇنداقلا مانجۇرىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەن خىتاينىڭ بىر قىسمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

4. خىتايغا نىسبەتەن زېمىن تەلەپى بولمىغان، خىتاي ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن خىتاينىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەن سوۋېت ئارمىيەسى خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلدى.

5. خىتاينىڭ مانجۇرىيەدە سىياسىي ئورگانلارنى تەشكىللىشىگە ئاسانلىق يارىتىش ئۈچۈن، رەئىس جياڭنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ سوۋېت ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە مانجۇرىيەگە كىرىشى قارشى ئېلىندى.

6. ئىستالىن ئامېرىكا خىتايغا قارىتا تەشەببۇس قىلغان ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە قوشۇلدى.

7. ئىستالىن شىمالىي كورىيەنى خىتاي، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە رۇسىيە تۆت دۆلەتنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا قوشۇلدى. تۆۋەندىكىلەر بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىنىڭ شەرتلىرى (يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدىكى باش ئەلچىسى پېتروف يەتكۈزگەن ئۇرۇشقا قاتنىشىش شەرتلىرى بىلەن ئوخشاش)، ھەممىسىگە قوشۇلغان ئەھۋالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى 8 - ئايدىلا ياپونىيەگە ئۇرۇش قوزغايدۇ.[137]

خورلى جياڭ جيېشىغا يەنە يالتا كېلىشىمىنىڭ ئامېرىكانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.[138] «خىتاي بىلىدۇكى، ۋەزىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت رۇسىيەسى ھامىنى يىراق شەرق ئۇرۇشىغا قول تىقىدۇ. سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ خىتاي ۋە يىراق شەرققە تاجاۋۇز قىلىش نىيىتىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكامۇ خىتاينى دەپ رۇسىيەدىن ئىبارەت بۇ يوشۇرۇن كۈچى چەكسىز رەقىبىنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايدۇ. شۇڭلاشقا خىتاي دىپلوماتىيە جەھەتتىن چوقۇم سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن مەلۇم تەرىقىدە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك».[139]

زوراۋانلىق بېسىمى ئاستىدا مەخپىي كېلىشىمنى مەجبۇرىي قوبۇل قىلىش ئېلىپ كەلگەن قايغۇ - نەپرەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ئەمما ئامېرىكا بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىنى توسۇش ئىستراتېگىيەسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جياڭ جيېشى ئامالسىزلىقتىن رېئاللىققا يۈزلىنىشكە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يول قويۇپ، سۆھبەتلىشىشكە قوشۇلدى. 26 - ئىيۇن جياڭ جيېشى باش ئەلچى پېتروف بىلەن كۆرۈشتى ۋە پات يېقىندا سوڭ زىۋېنىنى ئىستالىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن موسكۋاغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[140] چېن لىۋېننىڭ ئانالىزىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي بولسا خىتاي - ئامېرىكا مۇناسىۋىتى كۈنسېرى يېرىكلەشكەن، خىتاي - سوۋېت مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى زىچ تىل بىرىكتۈرگەن بىر ئومۇمىي ۋەزىيەتتە تۇرغان بولۇپ، ئەگەر ئوخشىمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئامېرىكانىڭ خىتاي يالتا كېلىشىمىنى رەت قىلغانلىقى سەۋەبلىك غەزەبلىنىدىغانلىقىنى، ھەتتا خىتاي بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالغىلى بولاتتى. سوۋېت رۇسىيەسىگە

قارىتا بولسا يالتا كېلىشىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭدا ماقۇللانغان بارلىق تەلەپلىرىنى قوللاش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. خىتاينىڭ خەلقئارادا يېتىم قېلىشى دىپلوماتىك ئارىلىششىنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەنىدى. بۇلا ئەمەس، سوۋېت رۇسىيەسى كۈچلىرىمۇ چوقۇم خىتاينىڭ يېتىم قالغان ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، يالتا كېلىشىمىدىكى تومتاق نىزاملارغا ئاساسەن، ۋەزىيەتكە كۆرە خىتاي زېمىنىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ئاساستا پارچىلاپ، شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇلىيە، شىمالىي خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق جايلاردا قورچاق ھاكىمىيەتلەرنى تىكلەپ، تېخىمۇ قالايمىقان ۋەزىيەت شەكىللەندۇرەتتى. ئۇ ۋاقىتتا خىتاي ئېنىقلا ھەم ئۆز ئەسكىرىي كۈچى بىلەن سوۋېت رۇسىيەسىگە قارشى تۇرۇشقا ئاجىز ئىدى، ھەم ئامېرىكانىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلمەيتتى. ئەكسىچە، ئەگەر خىتاي ئامېرىكانىڭ تەلىپى بويىچە سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئالدىن بىر كېلىشىم تۈزسە، بىر تەرەپتىن كېلىشىم ئارقىلىق سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى توسۇپ قالالايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكانى بىر چەتكە ئۈتۈپ تۇرۇۋالالمايدىغان، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى كۆرمەسكە سالالمايدىغان قىلالايتتى. شۇڭلاشقا سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئىمزالىغان دوستلۇق شەرتنامىسى خىتايغا نىسبەتەن «گەرچە دۆلەت تەقدىرىنى قوغداشتا يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما زۆرۈر بولغانىدى».[141] شۇڭا خىتاي - سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسىنى ئىمزالاش ئامالسىزلىقتىن بولغانىدى.

## سوۋېت - خىتاي سۆھبىتى ۋە «شەرقى تۈركىستان» نى ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتە قوللىنىش

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سوڭ زىۋېن 6 ئاينىڭ 27 كۈنى خۇشىيزې، جياڭجىڭگو ۋە شېنخوڭزې قاتارلىق كىشىلەرنى ئېلىپ چۇڭچىڭدىن موسكۋاغا سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبىرى ستالىن بىلەن «سوۋېت_خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسى» ھەققىدە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. سوۋېت تەرەپتىن ستالىن ،تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف ،مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لوزوۋسكى، سوۋېتنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە تەرجىمان پاۋلو قاتارلىق كىشىلەر بۇ سۆھبەتكە قاتناشقان. سۆھبەت ئىككى باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلغان. بىرىنچى باسقۇچ 6 ئاينىڭ 12 - كۈندىن 7 ئاينىڭ 12 كۈنىگىچە بولۇپ ئىككى تەرەپ جەمئىي ئالتە قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بارغان. ستالىن بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف 7 ئاينىڭ 14 كۈنى پوتسدام يىغىنىغا گېرمانىيەگە يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن سوڭ زىۋېن خىتايغا قايتىش كۆرسەتمىسى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋە يىغىن ۋاقتىنچە توختىتىلغان. ئىككىنچى باسقۇچ 8 - ئاينىڭ 7 - كۈندىن 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە داۋاملاشقان بولۇپ ئىككى تەرەپ جەمئىي 4قېتىم سۆھبەت ئېلىپ باردى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سۆھبەت ئاخىرلىشىپ خىتاينىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭشىجېي ۋە سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف «سوۋېت خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسى» نى ئىمزالىدى.[142]

سوۋېت ۋە خىتاي ئىككى تەرەپ بۇ كېلىشىمنامىنى بىر ھەپتىدە ئىمزالىغىلى بولىدۇ دەپ بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى بىر ئاز ئاسان چاغلاپ قالغان ئىدى.لېكىن سۆھبەت باشلىنىشى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئىچكى

موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە كېلىشەلمىدى.[143] خىتاي سوۋېت ئۆمىكى موسكۋاغا بېرىشتىن بۇرۇن سوڭ زىۋېن موڭغۇلىيەيە مەسىلىسى بۇ قېتىمقى سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق مۇزاكىرە تېمىسى ئەمەس دەپ قارىغان. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپى بولسا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى. خىتاي بۇنى تاشقى موڭغۇلىيەيە يەنىلا خىتاينىڭ زېمىن بولۇپ قېلىۋېرىدۇ دەپ چۈشىنىۋاالغان. (<ۋاڭ شىجى خاتىرىلىرى> نامىلىق ئەسەرنىڭ 5 – تومىدا 77،49 - 79 بەتلەردە ،خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە ،‹1945 يىلى تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى خىتايغا تەۋە ئىدى. چاررۇسىيەمۇ بۇ يەرنى يۇتۇۋېلىش كويىدا ئىدى ،لېكىن تالاش تارتىشنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. 1915 يىلى ئىككى تەرەپ تاشقى موڭغۇلىيەدا كېلىشىم تۈزۈپ تاشقى موڭغۇلىيەيە خىتاينىڭ زېمىن بولىدىغان ئەمما ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان بولۇپ كېلىشكەن.[144] كېيىنكى 1924 يىلدىكى سوۋېت خىتاي كېلىشىم نامىدىمۇ سوۋېت تاشقى موڭغۇلىيەنى خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ ئېتىراپ قىلغان.) خىتاي تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويۇش خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك دەپ قارىغان. ئەمما سوۋېت ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتىن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى سوۋېتنىڭ يىراق شەرقتىكى زېمىنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قاراپ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدا چىڭ تۇرغان. ستالىننىڭ قارىشىچە، باشقىلار تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ سوۋېتنىڭ يىراق شەرقتىكى زېمىنلىرىنى بېسىۋالالايدۇ. بۇنى ياپونلار ئالبۇرۇن سىناپ باقتى. ئەگەر بىزنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەدا بىر مۇداپىئە سېپىمىز بولمىسا ،سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىن كەلگۈسىدە پۈتۈن يىراق شەرىق زېمىنلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ستالىننىڭ قارىشىچە145، تاشقى موڭغۇلىيە خەلقى سوۋېتقا ياكى خىتايغا قېتىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن مۇستەقىل بولۇشى كېرەك، خىتاينى نەزەرگە ئالغاندا، تاشقى موڭغۇلىيەنى خىتايدىن مۇستەقىل قىلىش بىزگە ئىنتايىن پايدىلىق، ئەگەر بۇ مەسىلە ئەمەلگە ئاشمىسا تاشقى موڭغۇلىيە ئىچكى موڭغۇلىيەدىن شىمالى موڭغۇلىيەغىچە ياشىغان خەلقلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ.[146] ئېنىقكى سوۋېت تاشقى موڭغۇلىيەنى سىبىرىيەنى قوغدايدىغان بىر توساق قىلماقچى ئىدى.[147] (چېن شاۋېينىڭ <ئۇرۇش زامانىدىكى دىپلومات> نامىلىق ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى توم 578 بەتتە، 1945 يىلى 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا جاياڭ جىڭ گو گومىنداڭ ئۆمىكىنى باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيە ھەققىدە ستالىن بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. جاياڭ جىڭ گو تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ سوۋېتقا تەۋە بولۇشىغا قوشۇلمايدۇ ۋە ستالىندىن خىتاي خەلقىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەدىن ئايرىلىپ قالغاندىكى ئازاپلىق ھېسسىياتىنى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ستالىن :مەن بىلىمەن، سىزنىڭ بۇ كېپىڭىز ئورۇنلۇق، لېكىن بۈگۈن مەن ئەمەس بەلكى سىلەر مېنىڭ سىلەرگە ياردەم قىلىشىمنى ئۆتۈنۈۋاتىسىلەر. ئەگەر سىلەرنىڭ كۈچىڭلار بولۇپ ياپونىنى ئۆزۈڭلار يېڭەلىسەڭلار ئەلۋەتتە مەن بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمايتتىم. بۈگۈن سىلەرنىڭ كۈچىڭلار يوق بۇ گەپنى دېسەڭلار، بۇ گېپىڭلار قۇرۇق گەپتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس. ستالىن ئىنتايىن سەۋرسىزلىك بىلەن جياڭ جىڭگوغا مۇنداق دېدى: ساڭا راس گەپ قىلسام،مەن پەقەتلا ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك نۇقتىئىنەزەردىن چىقىش قىلىپ تاشقى موڭغۇلىيەنى تەلەپ قىلۋاتىمەن.)

7 - ئاينىڭ 4 - ۋە 3 - كۈنى سوڭ زىۋېن تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ھەققىدە قانداق قىلىش توغرىسىدا تېلېگراممىا يوللاپ : ستالىن بىزنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، بولمىسا سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرىدىكەن[148]. 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزى ھۆكۈمەت يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلار يىغىنى ئېچىپ سوۋېت خىتاي سۆھبەت شەرتلىرى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئەتىسى جاڭجېيشى يىغىندا ئالغان مۇھىم قارارلارنى تېلېگراممىا ئارقىلىق سوڭ زىۋېنغا بىلدۈردى ۋەئۇنىڭدىن بۇ قارارلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ۋە سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تېلېگراممىدا : تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى بولۇپمۇ شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. ئەگەر دۆلىتىمىزنىڭ (شەرقى شىمال ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) زېمىن پۈتۈنلىكى، ئىگىلىك ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى ھەققىي مەنىدە ئىشقا ئاشسا ،تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئويلىششقا بولىدۇ.ھەر قايسى مىللەتلەرنى قوللاپ مۇستەقىل قىلىش بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇش پرىنسىپلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن. ئەمما ھازىرقىدەك دۆلەت پۈتۈنلىكى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىغان ۋاقىتتا بىزنىڭ سوۋېتنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلالمايمىز[149]. جاڭ جېيشى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى تۆت شەرت بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

1. شەرقى شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى، ئىگىلىك ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى چوقۇم كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. لۈشۈن ھەربىي پورتىنى سوۋېت بىلەن باراۋەر ئىشلىتىشكە بولىدۇ، لېكىن باشقۇرۇش ھوقۇقى چوقۇم خىتاي تەرەپتە بولىدۇ. دالىيەن ئەركىن پورت بولىدۇ، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئەركىن پورت باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن باشقۇرۇلىدۇ، ئەمما باشقۇرۇش ھوقۇقى خىتاي تەرەپتە بولىدۇ. ئوتتۇرا شەرق تۆمۈر يولىنى سوۋېت خىتاي باراۋەر قوللانسا بولىدۇ ،لېكىن باشقۇرۇش ھوقۇقى جەھەتتە ئىككى تەرەپ باراۋەر بولمايدۇ.

2.شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا بېسىۋېلىنغان رايونلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ئەسلىگە كېلىشى كېرەك. خىتاي سوۋېت ئىككى تەرەپ بۇرۇنقى كېلىشىمنامىلەرگە ئاساسەن چېگرا رايوندىكى باندىتلارنى ھەمكارلىشىپ يوقىتىشى كېرەك. ئالتاي رايونى شىنجاڭغا تەۋە بولۇشى كېرەك.

3. كومپارتىيە ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا چوقۇم مەركىزى ھۆكۈمەت ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ پارتىيە ۋە قانۇن نىزامنامىسىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت ھەر قايسى پارتىيەلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە رەسمىي دۆلەت مەجلىسى چاقىرتىلىدۇ. ھۆكۈمەتنى قايتا تەشكىللىگەندە كومپارتىيەگە ھۆكۈمەتتىن ئورۇن بېرىشكە بولىدۇ.

4. خىتاي مۇشۇنداق دەرىجىدە بىرلىككە كەلگەن چاغدا «ئۈچ خەلق پرىنسىپ» غا ئاساسەن ئاكتىپلىق بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ پىلان تاشقى موڭغۇلىيە خەلقىنىڭ بېلەت تاشلىشى بىلەن ھەل بولىدۇ. ئەگەر بېلەت تاشلاشنىڭ نەتىجىسى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقى بولسا، ھۆكۈمەت رەسمىي ھالدا دۆلەت مەجلىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇستەقىللىقنى جاكارلىسا بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلار چوقۇم ياپونغا قارشى

ئۈزۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بولۇشى كېرەك[150].

ئېنىقكى، خىتاي تاشقى موڭغۇلىيەگە مۇستەقىللىق بېرىش ئارقىلىق سوۋېتنىڭ كومپارتىيەنى قوللىشىنى توختىتىشىنى، شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن زېمىن پۈتۈنلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى ئىدى[151]. (جاڭ جېيشى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈندىكى خاتىرىسىدە نېمە ئۈچۈن تاشقى موڭغۇلىيەدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ستالىن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. ئەگەر بىر توختام ئىمزالاپ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە ماقۇل بولمىغاندا، شەرقى شىمال ۋە شىنجاڭنى باشقۇرۇش تەسلىشىپ، كومپارتىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى موڭغۇلىيە ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان سوۋېتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇپ، پەقەت نامىنى خىتايغا تەۋە قىلىش ئاقىلانە ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ قۇربانلىققا چىداپ ،شىنجاڭ ۋە شەرقى شىمالنى قايتۇرۇۋېلىپ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مەن سوۋېت بىلەن تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئۈزۈشتىن كېيىن بىلەت تاشلاپ مۇستەقىل بولۇشىنى شىنجاڭ ،شەرقىي شىمال ۋە كومپارتىيە مەسىلىسىدىكى ئالماشتۇرۇش شەرتى قىلىمەن. باشقىچە دېسەك، سوۋېت شەرقىي شىمال، شىنجاڭ ۋە كومپارتىيە كوزلىرىنى ئىشقا سېلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوبۇل قىلىشقا قىستىشى بىر ھەقىقەت. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى شىنجاڭ خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان تۆت شەرتنىڭ بىرى[152] ۋە خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى دۆلەت مەنپەئەتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭكىگە قارىغاندا يۇقىرىدۇر).

شۇ كۈنى جاڭ جېيشى سوڭ زىۋېنغا تېلېگرامما يوللاپ ئالدىنقى تېلېگراممىدىكى كۆرسەتمىلەرگە بويسۇنۇپ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىش، لېكىن شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە ۋە شىنجاڭنىڭ ئىگىلىك ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى ھەققىدىكى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش، سوۋېتتىن بۇ ھەقتە يازمىچە بىر كاپالەتنامە بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە سوۋېتتىن كومپارتىيەنى چوقۇم چەكلەپ تۇرۇش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىشنى تاپىلىدى[153].

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوڭ زىۋېن ستالىن بىلەن ماڭ تەسلىكتە 45 مىنۇت سۆھبەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ،تاشقى موڭغۇلىيە ھەققىدە بىر بۆسۈش خاراكتېرلىك بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى[154]. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن كېيىن 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوڭ زىۋېن جاڭ جېيشىنىڭ مۇنۇ مەزمۇندىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى: «سوۋېت چوقۇم شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى ،ئىگىلىك ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى ،بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى توپىلاڭغا ۋە كومپارتىيەگە يان تاياق بولماسلىق، بۇلار بىزنىڭ بۇ سۆھبەتتىكى ئالماشتۇرىدىغان شەرتلىرىمىز بولىدۇ. سوۋېت، شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى ۋە كومپارتىيەنى قوللىغانلىقىنى ئادەتتىكى دىپلوماتىك سۆھبەتلەردە ئېتىراپ قىلمايدۇ. مەن بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلەردىمۇ بۇ مەسىلىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇڭا، سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى توپىلاڭ ۋە كومپارتىيەنى قوللىماسلىق ھەققىدە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئوچۇق پاراڭلىشىپ ئېنىق بىر نەتىجىگە ئېرىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ»[155].

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جاڭ جېيشى ئالاھىدە تاپىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «خىتاينىڭ تاشقى موڭغۇلىيەدىكى مەنپەئەتىنى قۇربان قىلغانلىقىنى

ئەسكەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاينىڭ بۇ مەسىلىدىكى سەممىيىتىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىزنىڭ شەرقىي شىمالنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، ئىگىلىك ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، كومپارتىيە ۋە شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىققا ھېچقانداق ياردەم قىلماسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەرتىمىزگە ماقۇل بولسا، ئىككى دۆلەت ئۇزاق مەزگىللىك سەممىي ھەمكارلىقتا بولىدۇ»[156].

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سۆھبەتتە تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىل بولۇش شەكلى ۋە شەرتنامىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى.

سۆھبەتتىن بۇرۇن سوڭ زىۋېن جاڭ جېيشىغا تېلېگرامما يوللاپ «ئەگەر ستالىن شىنجاڭ ۋە كومپارتىيە مەسىلىسىدە ئەمەلىي ۋە ئىجابىي ھەرىكەتلەرنى قەدەملەرنى تاشلىسا قانداق بولار» دەپ مەسلىھەت سورايدۇ. ئەمما شەرقىي شىمال مەسىلىسى ھەققىدە بۇنداق كۆرسەتمە سورىمايدۇ[157]. بۇنىڭدىن سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىدە كومپارتىيە ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىۋالالايمىز.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى سۆھبەتتە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ھەققىدە ئىلگىرلەش بولدى. جاڭ جېيشى سوڭ زىۋېنغا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا ۋەدە بەرسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى[158].
سوڭ زىۋېن 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى جاڭ جېيشىغا يوللىغان تېلېگراممىسىدا: بۈگۈن ئاخشام ستالىن ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى، خىتاينىڭ چوڭ قۇربانلىقلارنى بېرىشكە چىداپ سوۋېت خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ مەڭگۈلۈك، تىنچ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ بېلەت تاشلاپ مۇستەقىل بولۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ. كاپالەتنامىنىڭ شەكلى قايتا مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. ستالىن بۇنىڭغا ئىنتايىن مەمنۇن بولدى ۋە بۇنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلبە قىلغاندىن كېيىن جاكارلاشقا قوشۇلدى. ستالىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە يول قويغانلىقىغا ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋە كومپارتىيە مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىدەك قارارلار ئېلىندى. 1: چېگرانى تاقاپ قورال ياراغ ئەتكەسچىلىكنى چەكلەش، بىزگە ياردەملىشىپ توپىلاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، مالماڭچىلىق يۈز بەرگەن رايونلاردا مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمىسا قورال كۈچى ئىشلىتىش.
2: كومپارتىيەگە نىسبەتەن، سوۋېت پەقەت مەركىزى ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، كومپارتىيىگە قورال ياراق ياردەم قىلمايدۇ[159].

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سوۋېت خىتاي تۆتىنچى قېتىملىق سۆھبىتىدە جاڭ جېيشىنىڭ تېلېگراممىسى ئوقۇلدى: بۈگۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئەڭ چوڭ قۇربانلىق بېرىپ سەممىي ھالدا سوۋېت خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپتىن ھەل بولۇشىنى، بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان تالاش تارتىش مەسىلىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى تۈپتىن ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ سۈن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ياپونىيەدە سوۋېت بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشتىن ئىبارەت ۋەسىيەتنى ئورۇنداشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ تەلىپىمىز زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولغان ھالدا، خىتاينىڭ ھەقىقىي مەنىدە كېلىشى، شۇڭا بىز

تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىلىشىنى ۋە بۇ مەسىلىلەرگە ئىجابىي جاۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.[160]

## جاڭ جېيشى سوۋېتنىڭ جاۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلغان مەسىلىلەر

1: شەرقىي شىمالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇق ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى.

سوۋېت خىتاي ئورتاق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ خىتاي ۋە سوۋېت لۈشۈن ھەربىي پورتىنى ئورتاق ئىشلىتىدۇ، دالىيەندە ئەركىن پورت ئېچىلىدۇ ۋاقتى 20 - يىل بولىدۇ، لۈشۈن پورتىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى خىتايدا بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا خىتاينىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئىگىلىك ھوقۇقى تولۇق ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا، شەرق ۋە جەنۇب قىسمىدىكى تۆمۈر يوللاردا سوۋېت ۋە خىتاي ئورتاق تىجارەت قىلىدۇ، پايدىسى تەڭ بۆلۈنىدۇ، لېكىن تۆمۈر يوللارنىڭ بارلىق ھوقۇقى خىتايغا تەۋە بولىدۇ، تۆمۈر يول لىنىيەسى ۋە تۆمۈر يول سىرتىدىكى تىجارەتلەر ئورتاق تىجارەت دائىرىسىدە ئەمەس، مۇددىتى 20 - يىل بولىدۇ.

2: شىنجاڭدا يېقىنقى 1 - يىل ئىچىدە قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، خىتاي سوۋېت قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودىغا تەسىر يەتكۈزدى. سوۋېتنىڭ بۇرۇنقى كېلىشىملەرگە ھۆرمەت قىلىپ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشقا ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئالتاي تاغ تىزمىلىرى شىنجاڭغا تەۋە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالىدۇ.

3: خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەربىي ۋە باشقۇرۇش شەكلى بار. ئۇنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقلىرى مەركىزى ھۆكۈمەتكە تەۋە ئەمەس. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پەقەتلا مەركىزى ھۆكۈمەتكىلا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىمىز. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا بەرگەن بارلىق ياردەملىرى مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن چەكلىنىشى كېرەك.[161]

جاڭ جېيشى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ مەسىلىدىن باشقا، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى بولسا سوۋېت بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى بىر تۈگۈن ئىدى.

خىتاي ۋە سوۋېتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ياپون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى ئۈچ مەسىلىگە قوشۇلسا، كېيىنكى، تالاش تارتىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىگە رۇخسەت قىلىمىز. ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ، بېلەت تاشلاشتىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىدۇ.[162] تېلېگراممىدا، جاڭ جېيشى، خىتاي ۋە تاشقى موڭغۇلىيە چېگراسىنىمۇ ئېنىق بەلگىلىدى. بۇ چېگرا بۇرۇنقى خىتاي خەرىتىسىدىكى چېگرانى ئۆلچەم قىلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتىكى سوڭ زىۋېن ۋە ستالىن ئارىسىدىكى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك دىئالوگ خاتىرىسى:

1: شىنجاڭ مەسىلىسىدە جانابلىرى بىزگە توپىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەم قىلالارمۇ؟

2: قانداق ياردەم قىلىمەن؟ ئارمىيە ئەۋەتەمدىم؟

1: ياق، ھازىر چېگرادا قانۇنسىز قورال ياراغ ئەتكەسچىلىك بار. بىز سىلەرنىڭ بۇ توغرىسىدا قانۇن چىقىرىپ بۇ قورال ياراغ ئەتكەسچىلىكىنى

چەكلىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2: مېنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقىم يوق.

1: خىتاي چېگراسى ئىچىدە ئەمەس، بۇ ئىش چېگرادا يۈز بېرىۋاتىدۇ.

2: خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلقلەرگە بەزى ھوقۇقلارنى بەردىمۇ يوق؟

1: بۇ بىر سىياسىي ۋە ھەربىي مەسىلە.

2: ئەھۋال مۇشۇنچىۋالا ئېغىرلىشىپ كەتتىمۇ؟

1: ئىلى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى.

2: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىمۇ ياكى قازاقلارنىڭ ئىشىمۇ ؟

1: ھەممىسى بار، بىز ھەممە مىللەتكە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە بۇ ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى، ئەمما بىز قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىگىلىۋالغان تۇپراقلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

2: بۇنداق بىر ئورۇنلۇق تەلەپنىڭ ھەل بولۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇلارغا ھوقۇقنى بېرىش. بىزنىڭ دۆلەتتە نۇرغۇن ئوخشىمىغان مىللەتلەر بار، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلمىساق مەڭگۈ تىنچلىق بولمايدۇ، لېكىن بۇ خىتاينىڭ ئىچكى مەسىلىسى.

1: مەنمۇ بۇ نۇقتىدا جانابلىرىغا قوشۇلىمەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا سىلەردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن يەرلەر بار، بىز ئۇلارغا يول قويۇشقا رازى، ئەگەر ئۇلار بويسۇنمىسا، بىز چوقۇم قورال كۈچى ئىشلىتىمىز .

2: ئۇغۇ شۇنداق، قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەقسىتى خىتايدىن ئايرىلىشمۇ؟

1: ئۇلار ئاتالمىش بىر يېڭى جۇمھۇرىيەت ئېلان قىلىپ بولدى.

2: بىز مەلۇمات توپلاپ بۇ ئىشنى بىر مۇزاكىرە قىلايلى، چېگرادىكى قورال ياراغ ئەتكەسچىلىكىگە كەلسەك، ئەلۋەتتە، بۇنى توسۇش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىش بولسا، بىز چېگراغا ئادەم ئەۋەتىمىز.

1: قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوراللىرى ئىنتايىن ئىلغار، ئىلگىرى ئۇلاردا بۇنداق قورال كۆرۈلۈپ باقمىغان.

2: بۈگۈنكى كۈنلەردە ھەر قانداق يەردە قورال ياراغ تاپقىلى بولىدۇ.

1: لېكىن، شىنجاڭدا تاپقىلى بولمايدۇ.

2: نېمىشقا؟

1: بۇ يەرنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قولايسىز.

2: ھىندىستان قورال ياراغ سېتىپ بەرمىگەندۇ؟

1: ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇنداق ئىش يوق.

2: ئىككى دۆلەت ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئا دۆلەت ب دۆلەتتىكى توپىلاڭچىلارنى قورال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1: ئەمما شىنجاڭنىڭ قاتنىشى ھەقىقەتەن بەك قولايسىز.

2: جانابلىرى ئۇنداقتا قورال ياراغلار سوۋېتتىن كىردى دەپ قارايدىكەنلىرى - دە؟

1: بۇ ئېھتىماللىق بار.

2: بۇنىڭ ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن، بىز باشقا كۈنى بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇزاكىرە قىلايلى.

1: مەن جانابلىرىنىڭ بارلىق ئامىللارنى قىلىپ بۇ قورال ياراغ ئەتكەسچىلىكنى توسۇپ قېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىزمۇ بارلىق ئامىللارنى قىلىپ بۇ قوزغىلاڭنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلماقچى.

2: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدە، بەزى فرانسىيە قورال ياراغ زاۋۇتلىرى گېرمانىيەگە قورال ساتقان، سىزنىڭ بەزى ئەمەلدارلىرى يۇقىرى باھادا توپىلاڭچىلارغا قورال ساتقان بولمىسۇن؟

1: بۇ ھەققىدە جاۋابىم ئېنىق، جانابلىرى خاتىرجەم بولغايلا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوراللىرى بىزنىڭ قورالىدىنمۇ ئىلغار ئىكەن.

2: بۇنى بىراز ئېچىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

1: بىز ئۇلارنىڭ ئاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ پارچىلىرىنى يىغىپ تەتقىق قىلدۇق، بىزدە بۇنداق توپ ئوقى يوق. مەن جانابلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدە بىزگە ياردەم قىلىشلىرىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن. [163]

بۇ قېتىملىق سۆھبەتتە «شىنجاڭ مەسىلىسى» دە خىتاي تەرەپ ئەمەلىي بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ستالىن قەستەن بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، خىتاي تەرەپ بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سوۋېتنى بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە قىستىدى. گەرچە ستالىن «شىنجاڭ مەسىلىسىدە» چېگرانى ئېتىپ قورال ياراغ ئەتكەسچىلىكىنى چەكلەشكە ۋە قوزغىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ،164 لېكىن «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە ھېچقانداق بىر تەدبىر ئوتتۇرىغا قويمىدى. شۇڭا جاڭ جېيشى سوۋېتنىڭ ۋەدىسىگە نىسبەتەن بىرئاز خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، بۇ سەۋەبتىن سوۋېت تەرەپتىن يېزىقچە كاپالەتنامە بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سوڭ زىۋېن جاڭ جېيشىغا تېلېگراممىا يوللاپ: شەرقىي شىمال، شىنجاڭ ۋە كومپارتىيەدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مەسىلىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ستالىن يېزىقچە كاپالەتنامە بېرىشكە قوشۇلدى. [165]

بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ مەسىلىسىدە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دەسلەپكى كاپالىتىگە ئېرىشتى. ئەمەلىيەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سۆھبەتتىن بۇرۇنلا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەزى تەييارلىقلارنى قىلغان ئىدى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سوڭ زىۋېن چۇڭچىڭدا شەرقىي تۈركىستاندا ساقلانغان مەسىلىلەر توغرۇلۇق ۋۇ جوڭ شىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئالاھىدە خادىم لىيۇ زېزوڭنى (ئەسلى ئىسمى لىيۇ جاۋ جاۋ) چوڭچىڭغا چاقىرتىپ موسكۋاغا بىرلىكتە بېرىشنى قارار قىلدى. [166]

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جاڭ جېيشى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى ھەل قىلىشتىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى: «شىنجاڭ مەسىلىسى چوقۇم تىلغا ئېلىنىشى ۋە غۇلجا ئالتاي چوقۇم قايتۇرۇپ ئېلىنىشى كېرەك. سوۋېتنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قورال ياراغ بىلەن تەمىنلىشى توختىتىلىشى لازىم. لېكىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە يەنىلا سوۋېت بىلەن ھەمكارلىشىشقا بولىدۇ». 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جاڭ جېيشى، سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىدە مۇھىم بولغان توققۇز نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خىتاي تەرەپنىڭ بۇ سۆھبەتتىكى ئاساسلىق يۆنىلىشىنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتىنچى نۇقتا شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك: خىتاي كەلگۈسىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە سوۋېت بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىدۇ. ئەمما، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىي ۋە باشقا رۇسىيە بىلەن چېگراداش رايوندىكى توپىلاڭلارغا كەلسەك بۇ سوۋېتنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر

بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇرۇنقى كېلىشىملەرگە ئاساسەن ئىككى تەرەپ توپىلاڭچىلارنى تىنجىتىشقا ئۆزئارا ياردەم قىلىدۇ. ئىككى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ چېگرا رايونىدا توپىلاڭ بولۇشقا يول قويمايدۇ ۋە قورال ياراغ سېتىپ بېرىشكە تېخىمۇ يول قويمايدۇ.[167]

ئۇنىڭدىن باشقا، سوڭ زىۋېن موسكۋادا ئامېرىكانىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەندە سوۋېت بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى سۆھبەتلىشىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

7 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى خالىمەننىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋە باش مىنىستىرىغا بەرگەن تېلېگراممىسىدا: خىتاي تەرەپ سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ. ئەمما، شىنجاڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلمىدى. لېكىن سوڭ زىۋېن ماڭا دېدىكى: جاڭ جېيشى ئۆزىنىڭ ئوغلى جاڭ جىڭگونى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى قىلىپ تەيىنلىمەكچى، چۈنكى جاڭ جىڭگو سوۋېتقا نىسبەتەن ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا ئىكەن. جاڭ جېيشى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن[168]. ئەمما، سوۋېت تەرەپ كېيىنگە سۈرۈپ 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىزنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرىمىز يوقكەن، دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ.

بۇ مەزگىلدە، غۇلجا تەرەپ ئاكتىپ ھالدا قاراماىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۆزىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۈچ لىنىيەدە جەڭ قىلىش پىلانىنى ئىجرا قىلىۋاتاتتى[169]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، موسكۋا تەرەپ قەستەن خىتاي تەرەپنى بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قىستاپ بۇ مەسىلىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، خىتاينى شەرقىي شىمال، دالىيەن ۋە لىيۇ شۈن ھەربىي پورتى قاتارلىق مەسىلىلەردە سوۋېتنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولۇشقا قىستىماقچى، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن سوۋېت تەڭلا كومپارتىيە كارتىسىنى ئوينىدى. مەسىلەن، سوۋېت خىتاي سۆھبەت جەريانىدا، ستالىن خىتاي ھۆكۈمىتىنى باشقا ئاكتىپ زىيالىيلارغىمۇ ھۆكۈمەتتە ئورۇن بېرىشكە چاقىردى. ئەمما، خىتايدا گومىنداڭ رەھبەرلىك قىلغان بىر ھۆكۈمەت بارلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى ۋە بۇنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قارايتتى[170].

ستالىن كومپارتىيە، «شىنجاڭ مەسىلىلىرى»نى ۋە جاڭ جېيشىنىڭ بىرلىككە كەلگەن خىتاي ئىستراتېگىيەسىنى قوللايدىغانلىقىنى سىياسىي جەھەتتىن يەمچۈك قىلىش ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى سوۋېتنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي شىمالدىكى مەنپەئەتىنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقتۇردى. سوۋېت خىتاي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مەسىلىسىدە، ستالىن باشتىن ئاخىرى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي شىمال مەسىلىسىنى ئۆزگەرمەيدىغان نىشان قىلدى، شىنجاڭ ۋە كومپارتىيە مەسىلىسىنى بۇنىڭدا ئىشلىتىدىغان يەمچۈك قىلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا «سوۋېت خىتاي دوستلۇق شەرتنامىسى» ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ پىلانلىغىنىدەك ئېلىپ بىلىرىلغان ئىدى[171].

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت رەھبەرلىرى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىگە يېقىن پوتسدام دېگەن يەردە ئۈچ تەرەپ يىغىن ئۆتكۈزگەندە، سوۋېت - خىتاي سۆھبىتى ۋاقىتلىق توختىتىلدى. 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جاڭ جېيشى، سوۋېتنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى پېتروۋىچ بىلەن كۆرۈشكەندە

تەكىتلەپ: سوۋېت خىتاي دوستلۇقىنى كۆچەيتىپ توساقلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن گەرچە چوڭ قۇربانلارنى بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ، مەن بۇنىڭغا قارشى ھەر قانداق قارشى پىكىرنى يېغىپ تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلالايمەن. ئەمما، بۇنداق قىلىش گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا، سوۋېتمۇ بىزگە، شەرقى شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكى، ئىگىلىك ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى، كومپارتىيە ۋە شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ مەسىلىسىدە بىزگە ياردەم قىلىپ بىزنىڭ ھەقىقىي مەندە بىرلىككە كېلىشىمىزنى قوللىشى كېرەك. بۇ ئۈچ نۇقتا ئىشقا ئاشقاندا، مەن بارلىق قارشى پىكىرلەرگە قارىماي تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلالايمەن. ستالىن جانابلىرىنىڭمۇ بىزنىڭ بۇ زور قۇربانلىقىمىزنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.[172]

جاڭ جېيشى شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى روزۋېلت بىلەن ئورتاقلاشتى. جاڭ جېيشى روزۋېلتقا ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا: 1. خىتاينىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن، سوۋېت خىتاي كومپارتىيەسىگە ھېچقانداق ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلماسلىقى، خىتايغا قىلىدىغان ھەر قانداق ياردەم پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چەكلىنىشى كېرەك. 2. پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزنىڭ شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭنى تىنجىتىشقا ياردەم بېرىشى لازىم.

3. چوقۇم خىتاينىڭ شەرقىي شىمال رايوندىكى زېمىن ۋە ئىگىلىك پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك. جاڭ جېيشى روزۋېلتقا يوللىغان تېلېگراممىسىدا خىتاينىڭ سۆھبەتتە سوۋېتقا يول قويۇش دەرىجىسىنىڭ ئۇ ئاللىقاچان كېلىشىمدە تەلەپ قىلغان نۇقتىلاردىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا خىتاي جەمئىيىتىنىڭمۇ بەرداشلىق بېرىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى تەكىتلەپ بۇ قېتىمقى پوتسدام يىغىنىدا ترۇماننىڭ ئۆلارنى ستالىنغا چۈشەندۈرۈشىنى، خىتاينىڭ ھازىرغىچە بولغان مەيداننىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى، ستالىننىڭ ئەمەلىي بولمىغان تەلەپلەرنى قويماسلىقى لازىملىقىنى دېيىشىنى ئۆتۈنگەن.[173]

شۇ ئاينىڭ 23 - كۈنى روزۋېلت جاڭ جېيشىغا جاۋاب قايتۇرۇپ: «مەن ئىلگىرى سىزگە يالتا كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشىنى ۋە كېلىشىمدىن ھالقىپ كېتىدىغان يول قويۇشلاردا بولماسلىقىڭىزنى دېگەن ئىدىم. ئەگەر سىز بىلەن ستالىن جانابلىرى ئارىسىدا كېلىشىمنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپ بولغان بولسا، سوڭ زىۋېنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن». ترۇماننىڭ بۇ جاۋابى ئامېرىكانىڭمۇ ستالىننىڭ بۇ ھەددىدىن ئاشقان تەرەپلىرىگە نارازى بولغانلىقىنى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداشقا چاقىرىق قىلغانلىقىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.[174]

ئەمەلىيەتتە ئامېرىكانىڭ سوۋېتتا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى خالىمەن ھەر قېتىمقى سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىنىڭ تەپسىلاتىنى دوكلات قىلىپ قالماستىن، بەلكى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە يوللىغان دوكلاتتا پرېزىدېنت ترۇماننى سوۋېتنىڭ خىتايغا بولغان نىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە چاقىرىق قىلغان ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ يالتا مەخپىي كېلىشىمنامىنىڭ ماددىلىرىنى ئىزاھلاپ، سوۋېتنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قويغان ھەددىدىن ئاشقان تەلەپلىرىگە قارشى خىتاي بىلەن بىر سەپتە ئورۇن ئېلىشقا چاقىرىق

قىلغان.[175]

پرېزىدېنت ترۇمان سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىگە «ھاكىم» بولۇشنى رەت قىلغان بولسىمۇ، سوۋېت بىلەن خىتاي «تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش» دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، خالىمەنىڭ ئاستىرتىتىن سوڭ زىۋېنغا چۈشەنچە بېرىشنى توسماي مۇنداق دېگەن: سىز رەسمىي بولمىغان ئۇسۇل بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ چۈشەنچىڭىزنى يەتكۈزسىڭىز بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتكە نىسبەت: بىز تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى يالتا كېلىشىمىنىڭ ماددىلىرىغا ئاساسەن چۈشەندۈرۈپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ باقمىدۇق. شۇڭا قوبۇل قىلىش كېرەك بولغىنى يېزىقچە مەنىسى بولغان تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ھازىرقى قانۇن سىستېمىسىنى ساقلاپ قېلىش... بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا چۈشەنچىمىز: «ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن، خىتاي داۋاملىق تاشقى موڭغۇلىيەگە قارىتا قانۇنلۇق ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ ھوقۇقنى ئىشلەتمەيدۇ.[176] ترۇمىنىنىڭ بۇ كۆرسەتمىسى سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋىتىدە ئامېرىكانىڭ يالتا كېلىشىمىدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان ئوتتۇراھال سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكادىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئاتوم بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىتاي - سوۋېت سۆھبىتى تېخى باشلانماي تۇرۇپ، ئامېرىكا بۇرۇنقى مەيداننى ئۆزگەرتىپ بۇ سۆھبەتكە ئارىلىششقا باشلايدۇ.

ئامېرىكانىڭ ئارىلىششى بىلەن سوۋېتمۇ ئاكتىپ ھالدا ئامېرىكانىڭ بۇ «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىگە ئىپادە بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت سۆھبەت جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىستراتېگىيەلىك تەڭشەش ئېلىپ باردى. ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكادىكى بۇ مىكرو ئۆزگىرىشنى پەقەتلا ھېس قىلالمىدى. ئىككىنچى قېتىملىق سوۋېت - خىتاي سۆھبىتى باشلىنىشتىن، ئامېرىكا باش مىنىستىرى بەرناسى خېلى ئارقىلىق سوڭ زىۋېننىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ موسكۋاغا بارغۇسى يوقلۇقىدىن خەۋەر تاپقان چاغدا، ئالايىتەن ئۆزى سوڭ زىۋېنغا تېلېگرامما يوللاپ سوڭ زىۋېننى جىددىي ھالدا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ موسكۋاغا قايتىپ سۆھبەتنى داۋام قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.[177] لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى سوڭ زىۋېنغا ئېيتمىغان. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ پىكرىنى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرى فورىستالغا ئېيتقان. «فورىستال خاتىرىسى» 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدە، بەرناسىنىڭ شەرقىي شىمالغا ئەسكەر كىرىشتىن بۇرۇن ياپون ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارزۇسى بار. ئۇ دالىيەن ۋە لىيۇ شۈن ھەربىي پورتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، رۇس شەرقىي شىمالغا كىرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى چىقىرىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. ئامېرىكالىق تارىخشۇناس ئالپەرروۋىزنىڭ قارىشىچە، مۇشۇ ئەندىشە بولغانلىقتىن بەرناسى سوڭ زىۋېننىڭ موسكۋاغا قايتىپ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش تەرەپدارى بولغان.[178] 1957 - يىلى ئامېرىكالىق تارىخشۇناس خەربېرت بەرناسىنى زىيارەت قىلغان چاغدا، سوڭ زىۋېنى ئامېرىكانىڭ ئۇرۇشى تۈگىگەنگە قەدەر سۆھبەتنى سوزۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.[179]

شۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكا رۇسىيەنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشى زۆرۈر دەپ ئويلايتتى. تۇنجى قېتىملىق ئاتوم بومبىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلىغاندىن كېيىن

پرېزىدېنت روزۋېلت بەش يۇلتۇزلۇق گېنېرال مارشالدىن مەسلىھەت سورايدۇ. تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدا رۇسىيەگە ئېھتىياج بارمۇ يوق؟ مارشال: ئاتوم بومبىسى بولغان ئىكەن، ياپونىيەنى بويسۇندۇرۇشتا رۇسىيەگە ئېھتىياج يوق. لېكىن رۇسىيەنىڭ ياردىمى غەلىبىنى تېزلىتىدۇ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈشىنى ئازايتىدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن، رۇسىيە خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ كونترول ھوقۇقىنى قولغا ئالىدۇ. شۇڭا رۇسىيەنىڭ جەڭگە قاتنىشىشىنى يەنىلا قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ.[180] شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكا ئۇرۇشتىن كېيىن، رۇسىيەنىڭ ياۋروپا ۋە بەزى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلاردا تەسىر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. خالىمان رۇسىيەنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي شىمالغا ئەسكەر ئەۋەتىش پىلانىنى دوكلات قىلغان چاغدا، پرېزىدېنت روزۋېلت ئەندىشە بىلەن : رۇسلار كىرسە يەنە چىققىلى ئۇنامدۇ؟[181] روزۋېلتنىڭ بۇ ئەندىشىسى ئورۇنلۇق ئىدى. چۈنكى ئامېرىكانىڭ بۇ رايوندا ئۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇدەك كۈچى يوق ئىدى.182 شۇڭا روزۋېلتنىڭ قارىشىچە، ئەگەر يالتادا ستالىن بىلەن كەڭ دائىرىلىك بىر كېلىشىم تۈزمىگەندە سوۋېت ياۋروپا ۋە ئاسىياگە سوزۇلغان بىر تەسىر دائىرىسى ھاسىل قىلىۋالاتتى.[183] ئامېرىكا خىتاي سوۋېت ھەمكارلىقى يىراق شەرقنىڭ تىنچ ۋە مۇقىملىقىنىڭ ئاساسى دەپ ھۆكۈم قىلدى.[184]

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئامېرىكا بىرىنچى ئاتوم بومبىسىنى تاشلىدى. 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خىتاي سوۋېت سۆھبىتى قايتا باشلاندى. 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سوۋېت ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. رۇسىيە قىزىل ئارمىيىسى شەرقىي شىمالغا كىردى. سوۋېت بىلەن خىتاي بولسا تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ چېگراسى ھەققىدە تالاش تارتىش قىلىۋاتاتتى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ستالىن سوڭ زىۋېنغا: گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەڭ ياخشىسى بىر كېلىشىم ئىمزالاشقا ماقۇل بولسۇن. بولمىسا خىتاي كومپارتىيەسى مەنجۇغا كىرىدۇ.[185] بۇگۈنكى سۆھبەت شەرقىي تۈركىستاننىمۇ ئالاقىدار ئىدى. شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئورتاق ماددىغا كەلگەندە ۋاڭ شىجى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى قوشۇمچە قىلىپ قوشۇپ قويۇش تەكلىپىنى بەردى: شىنجاڭدا قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر ئېھتىياج بولسا سوۋېت - خىتاي ئورتاق ھەمكارلىشىشى كېرەك. لېكىن ستالىن بۇنىڭغا قارشى: شىنجاڭ خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسى. خىتايلار شىنجاڭدا خالىغان ئىشنى قىلسا بولىدۇ. سوۋېت شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ.[186]

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا غۇلجا قوزغىلاڭچى قوشۇنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا ئومۇمىيۇزلۇك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۈرۈمچىدىن باشقا رايونلاردا ئۇلار ھۇجۇم قوزغىۋالاتتى.[187] 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سوۋېت خىتاي تەرەپكە يەنە بىر قېتىم «شىنجاڭ مەسىلىسى» ھەققىدە ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن سوڭ زىۋېن ۋە ۋاڭ شىجى جاڭ جىيشىغا تېلېگرامما يوللاپ: شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقتا، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىغا، سوۋېتنىڭ بارلىق ياردەملىرى پەقەت مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىغا دائىر مەزمۇنلارغا سوۋېت ماقۇل بولدى.[188] 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى يوللىغان تېلېگراممىدىمۇ يەنە ئوخشاش مەزمۇن بار ئىدى.[189] سوۋېت ئارمىيىسى شەرقىي شىمالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ ئەھۋالدا، جاڭ جېيشى سوۋېت

بىلەن بىرگە كومپارتىيە ئارمىيىسىنىڭمۇ شەرقىي شىمالغا كىرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سوڭ زىۋېن ۋە ۋاڭ شىجىغا تېزراق سۆھبەتنى ئاياغلاشتۇرۇشنى تاپىلىدى.

8 - ئاينىڭ 12 - 13 كۈنلىرى جاڭ جېيشى سوڭ زىۋېن بىلەن ۋاڭ شىجىغا تېخى قارار قىلىنمىغان ماددىلاردا قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى بېرىپ [190] كۆچىنىڭ يېتىشىچە تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداشنى تاپىلىدى: سوۋېت كومپارتىيەگە ياردەم قىلمايدۇ، شەرقىي شىمالنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئارىلاشمايدۇ. سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالدىن چېكىنىپ چىقىش مۇددىتىنى ئېنىق بەلگىلەش ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە چېكىنىپ چىقىشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.[191]

سوڭ زىۋېن ۋە ۋاڭ شىجىلار دالىيەن ۋە باشقا مەسىلىلەردە يول قويىدى. تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىق مەسىلىسى ھەل بولغان كېيىن، خىتاي تاشقى موڭغۇلىيە چېگرا مەسىلىسىدە بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋاڭ شىجى جاڭ جېيشىغا تېلېگراما يوللاپ: مەن ئادەم ئەۋەتىپ چېگرانى سىزىۋېتىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەمما ستالىن قوشۇلمىدى. ستالىن باشتىن ئاخىرى سوۋېت تەرەپنىڭ چېگرا خەرىتىسىنى تەمىن ئېتىدىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. مەنچە ئۇلارنىڭ مۇنداق غەرەزلىرى بار 1: سوۋېت ئالىبۇرۇن شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى چېگرا ئىچىگە ئېلىۋېلىشنى پىلانلاپ بولغان. بۇ بىز قوبۇل قىلالايدىغان بىر ئىش ئەمەس. 2: ئەسلىدە تاشقى موڭغۇلىيەگە تەۋە بەزى جايلار ھازىر سوۋېتنىڭ بىر زېمىنىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. يىغىنچاقلىغاندا، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە ھازىرغا قەدەر قايتا قايتا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى، بىر نەتىجە چىقمىدى.[192]

سوۋېت - خىتاي سۆھبىتى ئاخىرى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاخىرلاشتى. «سوۋېت خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسى» ۋە تۆت تۈرلۈك قوشۇمچە كېلىشىمنامىمۇ ئۇن بەشىنچى چېسلا موسكۋادا ئىمزالاندى.[193] سوۋېت يالتا كېلىشىمنامىسىدە خىتايدىن ئالىدىغان مەنپەئەتلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ھەتتا بەزى قىسمى يالتا كېلىشىمنامىسىدا بەلگىلەنگەن مەنپەئەتلەردىن ئېشىپ كەتتى.[194] 1. خىتاي تەرەپ ۋەدە بەرگەن مۇھىم نۇقتىلار مۇنداق: ياپونىيە ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، تاشقى موڭغۇلىيە بېلەت تاشلاش ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى ئىپادىلىگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئېتىراپ قىلىدۇ. شەرقىي قىسىمدىكى تۆمۈر يول ۋە نەممەن تۆمۈر يولى خىتاي چاڭچۈن تۆمۈر يولى دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ. سوۋېت خىتاي ئىككى دۆلەت باراۋەر ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلاشقان شىركىتى ئورتاق باشقۇرىدۇ. تۆمۈريول ئىجرا ھەيئىتى ۋە نازارەت ھەيئىتى ئەزالىرى سوۋېت - خىتاي تەرەپتىن تەڭدە تەڭ بولىدۇ. خىتاي تەرەپنىڭ ئادىمى ئىجرائىيە ھەيئىتى باشلىقى، سوۋېت تەرەپنىڭ ئادىمى بولسا نازارەت ھەيئەت باشلىقى ۋە يول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. باشقا مۇھىم خىزمەت ئورۇنلىرى ئۇ تەرەپتىن تەڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. لۈشۈن پورتى دېڭىز ئارمىيە بازىسى بولىدۇ. پەقەتلا بۇ ئىككى دۆلەت قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتلىرى سوۋېت - خىتاي ھەمكارلىق ھەربىي ھەيئەت تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھەيئەتنىڭ باشلىقلىقىنى سوۋېت تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ. دېڭىز ئارمىيە بازىسى سوۋېت تەرەپتىن قوغدىلىنىدۇ، مەمۇرىي ئىشلىرى خىتايغا تەۋە بولىدۇ. دالىيەن لۈشۈن ھەربىي ئىشلار رايونىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئەركىن پورت بولىدۇ، باشقۇرۇش ھوقۇقى خىتايغا تەۋە، پورت باشلىقى ۋەزىپىسىنى سوۋېت تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. خىتاي پورتىنىڭ ئىشلىرى ۋە ئەسلىھەلىرىنىڭ يېرىمىنى سوۋېتقا ھەقسىز

ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. 2: سوۋېت تەرەپ كېلىشىمنامىدە ئاساسلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان نۇقتىلار بولسا: سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىي ۋە ماددىي ياردىمى، بولۇپمۇ ئارمىيە ئېھتىياجلىق نەرسىلىرى پۈتۈنلەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بېرىلىدۇ. سوۋېت خىتاينىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنىڭ (مەنجۇ) تولۇق ھۆكۈمدارلىقى يەنى زېمىن ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ھۆرمەت قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە كەلسەك سوۋېت خىتاينىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئارىلاشمايدۇ. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئارمىيىسى ئۈچ ھەپتە ئىچىدە خىتايدىن چېكىنىپ چىقىدۇ. بەك ئۇزۇن بولغاندا 3 ئاي ئىچىدە چېكىنىشنى تاماملىشى كېرەك. سوۋېت - خىتاي كېلىشىمنامىسىنىڭ كۈچكە ئىگە مۇددىتى 30 يىلدۇر.

لېكىن تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى سوۋېت گومىنداڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرمىغان. يالتا كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن، سوۋېت ياۋروپا ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ 3 ئايدىن كېيىن ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. شۇڭا سوۋېت ھۆكۈمىتى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياپونغا ئۇرۇش ئاچىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى ئۈچ يولغا بۆلۈنىدۇ، ھەتتا خىتاينىڭ مەنمىڭ رايونلىرىغىچە كىرىدۇ. ئون تۆتىنچى چېسلا ياپونىيە خان جەمەتى رەسمىي ھالدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. يىگىرمە ئۈچىنچى چېسلا سوۋېت ئارمىيىسى خىتاينىڭ پۈتۈن شەرقى شىمالىنى يەنى رېخىدىن چىڭدىغىچە، چاخاردىن جاجياكوۋغىچە بولغان رايونلارنى ئىگىلىۋالىدۇ. سوۋېت خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن سوۋېت ئارمىيىسى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن 3 ئاي ئىچىدە پۈتۈنلەي خىتايدىن چېكىنىشى كېرەك ئىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تەسلىمنامىگە ئىمزا قويىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ خىتايدىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقىشىنىڭ چېكى ئىدى. لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئارمىيىسى 1946 - يىلى 5 - ئايدا مەنجۇدىن چېكىنىپ چىقتى.[195]

لېكىن، سوۋېت شەرقىي شىمالغا ئەسكەر كىرگۈزگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر كىرگۈزۈشىگە توسالغۇ بولدى. شەرقىي شىمالدا يوشۇرۇن ھالدا كومپارتىيەنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويدى. گومىنداڭ ۋە كومپارتىيەدىن ئىبارەت ئىككى پارتىيەنىڭ شەرقىي شىمالنى كونترول قىلىشلىرىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقنى قولدىن بېرىپ قويۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئىدى.[196] سۇ گۇ چىڭنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 1945 - يىلى 8 - ئايدىن 1946 - يىلى 5 - ئايغىچە سوۋېت شەرقىي شىمالدا ئەسكەر تۇرغۇزغان ۋاقىتتا كومپارتىيەنىڭ كۈچىيىشى ئۈچۈن شەرت شارائىت يارىتىپ بەرگەن، 1 - كومپارتىيەنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىش تىرىشچانلىقلىرىنى قوللىدى. ئۇ يەردە ئۆزىگە يېقىن كۈچلەرنى بەرپا قىلىپ قالماستىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بىر قورال قىلدى. يالتا يىغىنىدىن كېيىن سوۋېتتا پەيدا بولغان يېڭى خەلقارالىق ۋەزىيەت بويىچە قارىغاندا، سوۋېتنىڭ كومپارتىيەگە بولغان سىياسىتى ئۇنى چەكلەش ۋە ساقلاپ قېلىش بولغان. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى ئاساسىي گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىگەن. 2 - گومىنداڭ ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ شەرقىي

شىمالغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش. بىر تەرەپتىن، شەرقىي شىمالدا كومپارتىيەنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىپ بۇ يەردىكى ياپون ئارمىيەسىدىن قالغان سانائەت ئەسلىھەلەرنى يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭنى شەرقىي شىمالدا «شەرقىي شىمال بىرلەشمە ئىقتىساد رايونى» قۇرۇشقا قىستاپ، ئامېرىكانىڭ تەسىر كۈچىنىڭ شەرقىي شىمالغا كىرىشىنى توسۇشقا تىرىشتى. 3 - ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سوۋېتنىڭ شەرقىي شىمالدىكى مەقسىتى بولسا 1905 - يىلدىن بۇرۇنقى چارۋىسىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇپ بۇ ئىمتىيازلارنىڭ بەزىلىرى يالتا كېلىشىمى بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان باشقا مەنپەئەتلەر (شەرقىي شىمالدا سوۋغا يېقىن كۈچ پەيدا قېلىش، ئۇ يەردىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى ئۆزىنىڭلا قىلىۋېلىش) بولسا يۇقىرىدىكى بىر ۋە ئىككىنچى تۈرنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى.[197] گەرچە سوۋېت سۆھبەت جەريانىدا كومپارتىيەنى قوللىمايدىغانلىقىنى پەقەت گومىنداڭنىڭ خىتايدا قانۇنلۇق ۋەكىل بولۇشىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى قايتا قايتا بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى دېگەندەك بولمىدى. كومپارتىيە سوۋېتنىڭ ئامېرىكا ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى دېپلوماتىيەدىكى بىر كوزۈرى بولۇپ قالدى. نيۇ جۇننىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىدە سوۋېت ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن پەيدا قىلغان ئەۋزەللىكلەر، ئامېرىكا بىلەن يىراق شەرقتىكى بىرلىككە كېلىشلەرنىڭ تەسىرى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكى كومپارتىيەنىڭ تېز تەرەققىي قېلىشتىن پەيدا بولغان ۋەھىمىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى يالتا كېلىشىمىدىن كېيىن پەيدا بولغان ۋەزىيەتنى قوبۇل قېلىشقا قىستىدى ۋە ئامېرىكانىڭ شەرقىي شىمالغا ئارىلىشىپ، ئۇ يەرنى سوۋېتقا قارشى بازا قىلىۋېلىشتىن ساقلاندى.[198]

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت - خىتاي كېلىشىمىگە ماقۇل بولۇشى، بولۇپمۇ تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولۇشىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى: سوۋېت چوقۇم ھازىر خىتاينىڭ بىرلىككە كېلىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان كومپارتىيەگە ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەمدە بولماسلىق ۋە ئامال قىلىپ ئۇلارنى قولىدىكى قورال - ياراغلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈش ئىدى.[199] ستالىن ئەلۋەتتە بۇ شەرتكە ماقۇل بولدۇ. ئۇ: گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشنى ئارزۇ قىلىشى ئىنتايىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە تەبىئىي بىر ئىش. بۇنىڭدىن كېيىن خىتايغا بېرىلىدىغان بارلىق قورال ياراغ ۋە باشقا ياردەملەر مەركىزى ھۆكۈمەتكە بېرىلىدۇ. كومپارتىيەگە قورال ياردەم بېرىلمەيدۇ.[200] شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ستالىن گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىغا نىسبەتەن: گومىنداڭ پارتىيەسى تارىخىي سەۋەبلەردىن خىتايدىكى ھۆكۈمەتتە رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگىلىشى كېرەك. ئەمما ھۆكۈمەت باشقا ئاكتىپ زىيالىيلارنى قوبۇل قىلمىسا، قىيىنچىلىقلار تۈگىمەيدۇ. خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاشقاندىمۇ ھەر قانداق پارتىيەگە يان باسماسلىق كېرەك. شۇڭا «ھۆكۈمەت باشقا ئاكتىپ زىيالىيلارنى (كومپارتىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوبۇل قىلىدۇ.»[201] دېيىش ئارقىلىق دېموكراتىك ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىنغان. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كومپارتىيە بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى خالىمىغان ۋە بۇ ستالىن تەرەپتىن توغرا چۈشىنىلىنىپ «بۇمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يوللۇق ئارزۇسى» دەپ ئويلىغان.[202] ئۇنىڭدىن

باشقا ستالىن قەستەن خىتايدىن: خىتايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بار، باشقا كۈچلەر يەنى كومپارتىيە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالامدۇ؟ دەپ سورىغاندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جاۋاب بەرمەستىن ئەگەر خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاق تۈزسە، ھېچقانداق كۈچ ھۆكۈمەتنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ دېگەن.[203] ئەمەلىيەتتە ستالىن كومپارتىيەنى قوللىنىش قوللانماسلىقتا ئىككىلىنىۋاتاتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن جاڭ جېيشى گەرچە خەلقارالىق سوتسىيالىزم ئاللىبۇرۇن پارچىلانغان بولسىمۇ، موسكۋا يەنىلا يەنئەنگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. مۇشۇ قاراش تۈپەيلىدىن سوۋېتنىڭ كومپارتىيەگە ياردەم بېرىشتىن ۋاز كېچىشى ۋە گومىنداڭنىڭ خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قوللىشىنى، يالتا كېلىشىمىدىكى خىتايغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنى بولۇپمۇ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدى.[204]

بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئوخشاش تەھلىللىرى بار.

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئامېرىكا باش مىنىستىرى بەرناسى سوۋېتنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوللاپ ئۇنىڭدىن باشقا پارتىيەلەرنى قوللىماسلىق توغرىسىدا كېلىشىمدە ئىشلەتكەن جۈملىلەرگە نىسبەتەن: بۇ گەرچە بىر رەسمىي مەيدانغا چۈشۈپ ئارىلىشىدىغان ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ كېلىشىمدىكى جۈملىلەرنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسىدە ئۆزگىرىش بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتقا يول قويغانلىقلارغا قارىتا سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ پەقەتلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوللاپ باشقا ئوخشىمىغان پارتىيەلەرنى قوللىماسلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىش كېرەك دەپ قارايمىز.[205]

سوۋېت كومپارتىيە كوزۇرىنى ئىشلىتىپ، شەرقىي شىمالدىكى ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتكە ئېرىشكەندىن باشقا شەرقىي تۈركىستان كوزۇرى ئارقىلىق خىتايدىكى مەنپەئەتنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى. گەرچە «سوۋېت - خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسى»دا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر ماددا بولمىسىمۇ، مالىتوفنىڭ باياناتىنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ «شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدىكى يېقىنقى ئۆزگىرىشلەرگەقارىتا سوۋېت تەرەپ ئۆزىنىڭ مەيدانىنى قايتا تەكىتلەيدۇ، يەنى «خىتاي – سوۋېت دوستلۇق كېلىشىمىنىڭ بەشىنچى ماددىسىدا كۆرسىتىلگەندەك سوۋېت تەرەپنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش نىيىتى يوق» دېگەنلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.[206] بۇ دوستلۇق كېلىشىمنامىسىنىڭ بەشىنچى ماددىسى مۇنداق ئىدى: دوستانە دۆلەتلەر ئۆزئارا بىر بىرىنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئورتاق ھەمكارلىق ئېلىپ بارىدۇ. ئۆزئارا ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ، دوستانە ھالدا ئورتاق ھەمكارلىشىدۇ.[207]

بۇلار سوڭ زىۋېن بىلەن ۋاڭ شىجىنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.[208] گەرچە سۆھبەتتە ئېنىق قىلىپ، «شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ» دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت - خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسى ئىمزالىنىدىغان كۈنى، جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستان ئۇرۇش سېپىدىكى غۇلجا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇن مۇز داۋانغا ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى غۇلجا ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي بىلەن تاجىكىستان

چېگرالىنىدىغان ھازىرقى تاشقورغاندا ئۆزىنىڭ ماھىيەت دەرىجىلىك ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوۋېت مەسلىھەت بېرىش ئۆمىكى بۇ يەرگە زىيارەت ئۈچۈن كېلىدۇ. 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە تاشقورغاندىكى خەلق پارتىزان قوشۇنى ھەقىقىي يوسۇندىكى بىر رەسمىي ھەربىي قىسىمغا ئايلىنىدۇ. 25 - كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىسى»نىڭ رەئىسى، سەككىزىنچى ئۇرۇش رايونى مۇئاۋىن قوماندانىغا قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىش ۋە تەرتىپنى ساقلاپ ساقلاش ئۈچۈن ھاۋادىن توشۇش، يىراقتىن بومباردىمان قىلىش ۋە باشقا ئۇسۇللارنىڭ بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دېگەن.[209] 26 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمەت قوشۇنى خابا ناھىيەسىنى تاشلاپ ئالتاي شەھىرىگە چېكىنىدۇ. 28 - كۈنى ماۋزېدۇڭ چۇڭچىڭغا بېرىپ سۆھبەت ئېلىپ بارغان چاغدا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «شىنجاڭ»دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ئېزىشتىن ۋاز كېچىشكە ۋە «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى تىنىچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇ كۈنى غۇلجا خەلق قوشۇنى ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىدۇ. 28 ۋە 29 - كۈنى تارباغاتاي ئالتىنچى ئاتلىق قوشۇنى ۋە موڭغۇلىيە مۇستەقىل يېڭى ۋۇسۇغا بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنىگىچە غۇلجا خەلق قوشۇنى ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تاشقورغان خەلقى يەكەن، يېڭىسار ۋە قەشقەر قاتارلىق يەرلەرنىڭ قاتناش تۈگۈنىنى ئىگىلەپ، يۇقىرىدىكى ناھىيەلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ.[210] 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئايروپىلانلىرى غۇلجا خەلق قوشۇنىغا ياردەم قىلىپ جىڭخې ۋە ۋۇسۇ قاتارلىق رايونلارنى بومباردىمان قىلىدۇ. جاڭ جىيشى بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ۋە ئامېرىكىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانى ۋەدەمېيېرنى چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.[211] ئۇنىڭدىن باشقا، جاڭ جىيشى سوڭ زىۋېنغا بۇ ئىش ھەققىدە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە بىلەن كۆرۈشۈشنى بۇيرۇيدۇ.[212] ئەمما بۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقمايدۇ. 9 - ئاينىڭ، باشلىرىدا خەلق قوشۇنى جىڭخې ۋە ۋۇسۇنى قايتۇرۇپ قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىشقا باشلايدۇ. غۇلجا خەلق قوشۇنى ئۈرۈمچىگە بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىر كېلىدىغان ماناس دەرياسىدا قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھۇجۇمغا ئۆتسە، 2 - كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى قايتۇرۇپ ئالالايتتى، غەلىبە كۆز ئالدىدىلا ئىدى. چۈنكى پەقەتلا ئالتە يېڭ قوشۇن ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتاتتى، ئاشلىقمۇ ئىنتايىن ئاز بولۇپ، پەقەتلا ئون كۈنلا يېتەتتى. يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى قوراللارنىڭ ئوقمۇ ئون مىڭغا يەتمەيتتى. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولۇپ، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى،[213] ئۈرۈمچى قولدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدى.[214] بۇ ئەھۋال ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قوشۇنىنىڭ ھەربىي قوماندانى جۇ جاۋلىياڭ بىر كۈندە ئۈچ قېتىم جاڭ جىيشىغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى. «قوشۇنىنىڭ سانى ئاز، سىرتتىن كېلىدىغان ياردەم يوق. ئۈرۈمچى، قولدىن كېتەي دەپ قالدى. كەمىنە بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن. ۋەتەن زېمىنى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلىپ پارتىيە ۋە دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرىمەن»[215]

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە سوۋېت كونسۇل خىزمەتچىلىرىنى

قۇمۇلغا ياكى لەنجۇغا يۆتكەشنى ئويلىشىۋاتاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېتنىڭ غۇلجا قوزغىلىڭى قوشۇنىغا ياردەم قىلغانلىقىدىن ئەنتايىن چۆچۈپ كەتتى.[216] 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي كومىتېت يىغىنى چاقىرىپ «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى مۇزاكىرە قىلدى. بەي چوڭشى يىغىندا «شىنجاڭ»نىڭ ۋەزىيىتى ئەنتايىن خەتەردە، قولدىن كېتەيلى دەپ قالدى، سوۋېت - خىتاي دوستلۇق كېلىشىمنامىسىنىڭ سىياھى قۇرىماي تۇرۇپ ئەھۋالدا بىر يۈز سەكسەن گرادۇس ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدۇق، دېدى.[217]

جاڭ جېيشى بىر تەرەپتىن مۇشاۋىر گۇچى چاۋنى «شىنجاڭ»غا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن جۇجاۋ لياڭ ۋە «شىنجاڭ»نىڭ رەئىسى ۋۇ جوڭ شىن قاتارلىق ئەمەلدارلارغا ئەگەر كىمكى بۇيرۇق كەلمەستىن، ئۆز ئالدىغا چېكىنسە، ئۇرۇشتىن قاچقان جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىدۇ دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.[218] 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جاڭ جېيشى «شىنجاڭ مەسىلىسى»نى بىر تەرەپ قىلىدىغان لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1 - «شىنجاڭ مەسىلىسى» ئەنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا بولسىمۇ، ھازىرچە ئاكتىپ قارشىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. 2 - دىپلومات ۋە تەشۋىقات جەھەتتە كېرەكلىك بولغان ئىش پائالىيەتلەرنى قىلىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ زىتتىغا تېگىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ ئۇلارغا باھانە بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. 3 - «شىنجاڭ»دا سىياسىي ۋە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىق قىلىش، ھازىر پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن شەرقىي شىمالنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم.[219] شەرقىي شىمال مەسىلىسى ئۈچۈن، ۋاقىتلىق «شىنجاڭ»نى قولدىن بېرىپ قويساق بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ۋە سوۋېتنىڭ مۇستەقىللىق كۈچلىرىنى قوللاپ، ۋۇسۇ ۋە جىڭخېنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ.[220]

جياڭ جېيشى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈندىكى خاتىرىسىدە ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى: شەرقىي شىمال سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ قولىدا، «شىنجاڭ» ۋە تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى ھەل قىلىنمىدى، ئۆزۈمدىن ئەنتايىن نومۇس ھېس قىلىۋاتىمەن دەپ، يازغان.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا ئامېرىكا تاراتقۇلىرىمۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تاشقى موڭغۇلىيەدەك ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەردەك سوۋېت بىلەن بۆلۈشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشىۋاتاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ مەسىلىسى»دە، سوۋېتنىڭ «ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشمايمىز» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېت - خىتاي سۆھبىتىنىڭ ئۈچ مەقسىتىنى بەلگىلىگەن. 1 - سوۋېت - خىتاي مۇناسىۋىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش 2 - كومپارتىيەنىڭ كۈچىنى چەكلەش. 3 - ياپون ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ھەربىي كۈچىنىڭ شەرقىي شىمالدىن چېكىنىش، ئۇ يەردە سوۋېتنىڭ مەنپەئەتىنى چەكلەپ ۋە «شىنجاڭ»دا ھەرىكەت دائىرىسىنى تارايتىش.

لېكىن ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

لېكىن 9 - ئاينىڭ 51 - كۈندىن كېيىن خەتەر ئىچىدە قالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى.

■ داۋامى كېيىنكى ساندا

**ENDNOTES**

1 曹国芳，“苏联与三区革命前夕新疆边境地区的社会政治局势”，《北京科技大学学报》（社会科学版），卷 21 期2（2005 年 4 月），页 123 - 127。相同的观点也见新疆三区革命史编纂委员会，《新疆三区革命大事记•引言》，页 3。对 1911 至 1949 年间新疆政治发展史深有研究的福布斯（Andrew D. W. Forbes）也认为，伊宁暴动当初在尼勒克（Nilka）县爆发时仅为当地民众之自发行为，之后被苏联利用。See Andrew D. W. Forbes, Warlords andMuslims in Chinese Central Asia: A Political History of Republican Sinkiang, 1911 - 1949 (New York: CambridgeUniversity Press, 1986), pp. 173 - 174. 然而，该暴动自准备期间莫斯科就已插手，协助其暴动成功。

2 丁宏、张国杰，《百年中国穆斯林》（银川：宁夏人民出版社，2002 年），页 365。也有学者认为，盛世才亲共 亲苏政策以及新疆各族子弟常赴苏联留学，这些都为马列主义在新疆传播创造了条件。受到“社会主义意识” 影响的青年人更加不满国民党的民族压迫，因此，“三区革命”“从主观上讲它爆发的一个重要因素是受到马克 思主义传播的影响”。针对这种现象国民政府加强反宣传政策，强化国民党在新疆的舆论宣传，保证国民党意 识形态在新疆的传播。黄建华，“国民党政府的新疆政策述论”，《西北史地》，期 4（1994 年），页 67 - 68。中国 官方学者中就东突厥斯坦之革命的爆发原因也有不同的看法：（1）其原因在于盛世才和国民党的反动统治；（2）其爆发原因之内因是主要的，国外支持和参与则为其次；（3） 国外因此为主，其蓄谋已久，一手策划， 内因为其次。蔡锦松，“撰写《新疆简史》第三册中几个主要问题的指导思想”，《新疆历史研究》，期 2（1986 年），页 5。

3 唐屹、蓝美华、赵竹成编著，《外交部档案丛书──界务类》，第三册《新疆卷》（一），页 45、47。

4 据齐清顺的研究，三区革命领导人把“三区革命”称为“民族解放运动”，又称为“民族解放革命”或“民族 解放斗争”等，认为“三区革命”是当地民族反对民族压迫和民族歧视的一场武装斗争。齐清顺，“新疆‘三 区革命’称呼考察──兼谈对有关问题的断想”，《西北民族研究》，总期 22（1998 年），页 79 - 90。

**2.2. جەدۋەلدىكى تارقىلىش نىسبىتى (خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان مەنبەلەر)گە ئاساسەن 1953 - 2020 مەزگىللىرىدىكى بەزى يىللاردا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بۇ مەزگىللەردە ئاشقان نوپۇس ۋە ئېشىش نىسبىتىنىڭ تەخمىنى**

يۇقىرىدىكى تەخمىن مېتودلىرى تۈرتكىسىدە چىقىرىلغان تەخمىن نەتىجىلىرى تۆتقا قىلىنىپ، نىشانىدىكى دەۋرگە تەۋە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى ئاشقان سانلىق قىممىتى ( خەلقئارا مەتبۇئاتلاردىكى نوپۇس سانلىق - مەلۇماتلىرى - ت. ن ئا)بىلەن ئېشىش نىسبىتى ( خەلقئارا مەتبۇئاتلاردىكى نوپۇس سانلىق - مەلۇماتلىرى - ت. ن ئا)نى تەخمىن قىلىپ، بۇنىڭدىن چىققان نەتىجىلەر بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلغان نەتىجەلەرنى سېلىشتۇرۇپ چىقايلى.

| يىل | UN | مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | ئېشىش نىسبىتى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1941 | 4.017.200 | | | | | |
| 1948 | 5.851.200 | 1941-1948 | 1.834.000 | 2,91% | | |
| تەخمىن يىل | UN تەخمىن | | | | | |
| 1949 | 6.021.371 | | | | | |
| يىل | UN | مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | ئېشىش نىسبىتى | | |
| 1941 | 4.017.200 | | | | | |
| 1949 | 6.021.371 | 1941-1949 | 2.004.171 | 2.75% | | |
| تەخمىن يىل | UN تەخمىن | | | | | |
| 1953 | 6.457.550 | | | | | |
| 1954 | 6.571.445 | | | | | |
| * تەخمىن $UN = UN_1 \cdot e^{AO}$ , 0,01 دەرىجىسى ئىناۋەتلىك دەرىجىسى (99% ئىشەنچىلىك دەرىجىسى) ھېسابلاش ئۇسۇلى | | | | | | |
| مېتود / تەخمىن يىل | | AAY | GAY | KAY | INAY | ئاخىرقى تەخمىن |
| 1964 | | 7.553.847 | 7.940.861 | 7.317.799 | 7.955.099 | 7.824.461 |
| مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | | | | | |
| 1953-1964 | | 1.096.297 | 1.483.311 | 860.248 | 1.497.549 | 1.366.911 |
| | ئېشىش نىسبىتى | | | | | |
| | | 1,36% | 1,72% | 1,53% | 1,75% | 1,58% |
| * تەخمىن $UN = UN_1 \cdot (1+AO)^{\tau-\tau_1}$ , $AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1$ مۇتلەق ئىشەنچىلىك دەرىجىسى | | | | | | |
| مېتود / تەخمىن يىل | | AAY | GAY | KAY | INAY | ئاخىرقى تەخمىن |
| 1982 | | 11.001.048 | 11.556.673 | 11.721.799 | 11.555.897 | 11.626.919 |
| مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | | | | | |
| 1964-1982 | | 3.176.587 | 3.732.212 | 3.897.338 | 3.731.436 | 3.802.457 |
| | ئېشىش نىسبىتى | | | | | |
| | | 2,26% | 2,17% | 2,21% | 2,19% | 2,21% |
| * تەخمىن$UN = UN_1 \cdot (1+AO)^{\tau-\tau_1}$ , $AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1$ مۇتلەق ئىشەنچىلىك دەرىجىسى | | | | | | |
| مېتود / تەخمىن يىل | | AAY | GAY | KAY | INAY | ئاخىرقى تەخمىن |
| 1990 | | 12.982.357 | 13.087.533 | 13.138.486 | 13.087.533 | 13.119.253 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | | | | | |
| 1982-1990 | | 1.355.438 | 1.460.614 | 1.511.567 | 1.460.614 | 1.492.335 |
| | ئېشىش نىسبىتى | | | | | |
| | | 1,46% | 1,48% | 1,47% | 1,49% | 1,47% |
| (ئىشەنچىلىك دەرىجىسى 99%) ئىناۋەتلىك دەرىجىسى 0,01 . $AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1$ , $UN = UN_1 \cdot (1+AO)^{\tau-\tau_1}$ تەخمىن * هېسابلاش ئۇسۇلى | | | | | | |
| Tah.Yıl / Yöntem | | AAY | GAY | KAY | INAY | Son Tahmin |
| 2000 | | 14.123.880 | 14.196.126 | 14.225.406 | 14.196.126 | 14.214.509 |
| مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | | | | | |
| 1990-2000 | | 1.004.627 | 1.076.873 | 1.106.153 | 1.076.873 | 1.095.256 |
| | ئېشىش نىسبىتى | | | | | |
| | | 0,77% | 0,79% | 0,78% | 0,79% | 0,78% |
| (ئىشەنچىلىك دەرىجىسى 99%) ئىناۋەتلىك دەرىجىسى 0,01 . $AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1$ , $UN = UN_1 \cdot (1+AO)^{\tau-\tau_1}$ تەخمىن * هېسابلاش ئۇسۇلى | | | | | | |
| مېتود / تەخمىن يىل | | AAY | GAY | KAY | INAY | ئاخىرقى تەخمىن |
| 2010 | | 15.455.602 | 15.505.684 | 15.523.841 | 15.505.684 | 15.516.490 |
| مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | | | | | |
| 2000-2010 | | 1.241.093 | 1.291.174 | 1.309.332 | 1.291.174 | 1.301.980 |
| | ئېشىش نىسبىتى | | | | | |
| | | 0,87% | 0,87% | 0,87% | 0,87% | 0,87% |
| هېسابلاش(ئىشەنچىلىك دەرىجىسى 99%) ئىناۋەتلىك دەرىجىسى 0,01 . $AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1$ , $UN = UN_1 \cdot (1+AO)^{\tau-\tau_1}$ تەخمىن * ئۇسۇلى | | | | | | |
| مېتود / تەخمىن يىل | | AAY | GAY | KAY | INAY | ئاخىرقى تەخمىن |
| 2020 | | 16.197.315 | 16.255.187 | 16.279.183 | 16.255.187 | 16.270.645 |
| مەزگىل | ئاشقان نوپۇس | | | | | |
| 2010-2020 | | 680.825 | 738.698 | 762.693 | 738.698 | 754.155 |
| | ئېشىش نىسبىتى | | | | | |
| | | 0,44% | 0,47% | 0,45% | 0,47% | 0,46% |
| (ئىشەنچىلىك دەرىجىسى 96%) ئىناۋەتلىك دەرىجىسى 0,04 . $AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1$ , $UN = UN_1 \cdot (1+AO)^{\tau-\tau_1}$ تەخمىن * هېسابلاش ئۇسۇلى | | | | | | |

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەزگىلدىكى نوپۇس ئېشىش نىسبىتى (جەدۋەل 4: خ خ ج - ئا ن) بىلەن خەلقئارادىكى ھەر قايسى نەشرىيات ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان 1941 - 1948 مەزگىللەردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىغا دائىر سانلىق - مەلۇماتلارنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن ھېسابلانغان تەخمىنلەرنى ئاساس قىلىپ چىققان ئېشىش نىسبىتى ( يۇقىرىدىكى ھېسابلاش نەتىجىلىرى: خ ي ي ك - ت. ئا ئو)نى سېلىشتۇرغىلى تامامەن بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ دولقۇنسىمان ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىنى، خەلقئارادىكى بەزى نەشرىيات ۋە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان مەنبەلەرگە ئاساسەن

چەقىرىلغان تەخمىنى ئېشىش نىسبىتىنىڭ 1982 - يىلىدىن كېيىن ئىزچىل تۆۋەنلەش يۆنىلىشىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1982 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ئېشىش كۆرۈلمىگەنلىكىنى يەنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلغان نوپۇس ھەجمىنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ئومۇمەن نوپۇس ھەجمىنىڭ كۆپ خىل ئامىلىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىنى بايقايمىز. بولۇپمۇ، چەقىرىلغان تەخمىنلەرگە ئاساسەن، 1964 - 1982 مەزگىللىرىدىكى 2.21% ئېشىش نىسبىتىنىڭ ئىزچىل تۆۋەنلەپ 2010 - 2020 مەزگىللىرىدىكى 0.46% نىسبىتىگە چۈشۈپ قېلىشى، 1982 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر نوپۇس قۇرۇلمىسىدا تەبىئىي بولمىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئېلان قىلغان سانلىق - مەلۇماتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى نوپۇس ئېشىش سانى (خ خ ج - ن ئا)بىلەن خەلقئارادىكى باشقا ماتېرىياللارغا ئاساسەن چەقىرىلغان تەخمىنى ئېشىش نىسبىتى (خ ي ي ك - ت.ن ئا) يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 1982 - يىلىدىن بۇرۇن «خ خ ج - ن ئا» بىلەن «خ ي ي ك - ت.ن ئا » ئوتتۇرىسىدا دولقۇنسىمان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئومۇمەن پاراللېل ئىكەنلىكىنى، لېكىن 1982 - يىلىدىن كېيىن «خ خ ج - ن ئا»نىڭ ئىزچىل يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، بىراق « خ ي ي ك - ت.ن ئا »نىڭ تۆۋەنلەش يۆنىلىشىدە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

2.3. جەدۋەل 3 تىكى تارقىلىش نىسبىتى (خىتاي مەنبەلىرى ۋە خەلقئارا مەتبۇئات ۋە نەشرىياتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن چەقىرىلغان تەخمىنى قىممەتلەر)گە كۆرە، 1953 - 2020 مەزگىللىرىدىكى بەزى يىللاردا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى ئاشقان نوپۇس ۋە ئېشىش نىسبىتىدىن چەقىرىلغان تەخمىن:

بارلىق خىتاي مەنبەلىرى ۋە خەلقئارا نەشرىياتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا دائىر سانلىق - مەلۇماتلارنىڭ قىممىتىگە ئاساسەن، نوپۇس تەخمىن قىلىش مېتودلىرى تۈرتكىسىدە چەقىرىلغان تەخمىنى نەتىجە قىممەتلىرى تۆتقا قىلىنىپ، نىشاندىكى مەزگىلگە تەۋە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ شۇ مەزگىلدە ئاشقان نوپۇس قىممىتى (ت ئا س د - ت. ن ئا) بىلەن ئېشىش نىسبىتى (ت ئا س د - ت. ئا ئو)نى تەخمىن قىلىپ، چىققان نەتىجىلەر بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلغان نەتىجىلەرنى (خ خ ج - ن ئا ۋە خ خ ج ئا ئو)بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقايلى.

| مەزگىل | 1953-1964 | 1964-1982 | 1982-1990 | 1990-2000 | 2000-2010 | 2010-2020 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشقان نوپۇس | 1.422.436 | 2.640.258 | 1.757.133 | 1.882.459 | 2.321.792 | 2.739.352 |
| ئېشىش نىسبىتى | 2,50% | 2,05% | 2,35% | 1,68% | 1,75% | 1,74% |

*تەخمىن $100\%$ ئېشەنچىلىك دەرىجىسى بىلەن $T.NA = UN_1 - UN_0 , T.AO = (UN_1/UN_0)^{\nabla} - 1.$ مۇتلەق قىممىتىنى ھېسابلاش

يۇقىرىقلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، «ت ئا س د - ت. ن ئا» بىلەن «خ خ ج - ن ئا»بۇ مەزگىلدە دولقۇنسىمان ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ پاراللېل يۆنىلىشتە بولغان. «ت ئا س د - ت. ئا ئو» بىلەن «خ خ ج - ئا ئو»1982 - يىلىدىن كېيىن ئاساسەن ئوخشاش يۆنىلىشتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. لېكىن «ت

ئا س د - ت. ئا ئو» 1982 - يىلدىن كېيىن ئىزچىل تۆۋەنلەش يۆنىلىشىدە بولغان بولسا، «خ خ ج - ئا ئو»دولقۇنسىمان ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان.

بارلىق مەنبەلەرگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەخمىنى نەتىجە قىممەتلىرى تۈزىتىپ قىلىنغاندا، ئەڭ ئاز نوپۇس 1953 - 1964 مەزگىللىرىدە بولۇپ، 1 مىليون 422436 كىشى بولغان بولسا، ئەڭ ئاز ئېشىش نىسبىتى 1.68% بىلەن 1990 - 2000 مەزگىللىرىدە بولغان. ئۇيغۇر نوپۇسى 1953 - 1964 مەزگىللىرىدە 2.50% نىسبىتى بىلەن ئەڭ كۆپ ئېشىش نىسبىتىگە ئىگە بولغان بولسا، 2010 - 2020 مەزگىللىرىدە 2 مىليون 739352 كىشى كۆپەيگەن.

«خ خ ج»غا كۆرە، 1953 - 2020 مەزگىللىرىدىكى 67 يىلدا ئۇيغۇر نوپۇسىدا 1.75% ئېشىش نىسبىتى كۆرۈلۈپ 7 مىليون 984200 كىشى كۆپەيگەن.

لېكىن بارلىق مەنبەلەرنى تۈزىتىپ قىلىپ چىقىرىلغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەخمىنى نەتىجە قىممەتلىرى ئاساس قىلىنغىنىدا، 2,01% $(= \sqrt[67]{17318309/45548798} - 1)$ ئېشىش نىسبىتى بىلەن 12 مىليون 763مىڭ 430 (=17318309 - 4554879) كىشى ئاشقان بولۇپ، بۇ ئىككى خىل نوپۇس قىممىتى ئوتتۇرىسىدا 4 مىليون 779230 (=12763430 - 7984200) كىشى پەرق مەۋجۇتتۇر.

يۇقىرىدا چىقىرىلغان تەخمىنى قىممەتلەرنى بىرلەشتۈرگىنىمىزدە (جەدۋەل 6)، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 1953 - يىلدىن 2000 يىلغىچە بولغان ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئاشقان نوپۇسى بىلەن ئېشىش نىسبىتىنى پەرقلىق تەخمىن ئۇسۇللىرىدا ئوخشاش جەدۋەلدە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى چىقىرالايمىز.

ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئاشقان نوپۇس ۋە ئېشىش نىسبەتلىرى :جەدۋەل 6

| مەزگىل/مېتود | 1953-1964 | 1964-1982 | 1982-1990 | 1990-2000 | 2000-2010 | 2010-2020 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ÇHCD-T.NA | 2.049.569 | 3.235.383 | 1.780.057 | 1.694.353 | 1.694.551 | 1.106.667 |
| UYYK-T.NA | 1.366.911 | 3.802.457 | 1.492.335 | 1.095.256 | 1.301.980 | 754.155 |
| TASD-T.NA | 1.422.436 | 2.640.258 | 1.757.133 | 1.882.459 | 2.321.792 | 2.739.352 |
| ÇHCD-NA | 384.000 | 1.964.300 | 1.235.900 | 1.153.800 | 1.655.700 | 1.623.000 |
| ÇHCD-T.AO | 2,50% | 2,05% | 2,35% | 1,68% | 1,75% | 1,74% |
| UYYK-T.AO | 3,23% | 2,25% | 2,20% | 1,39% | 1,22% | 0,69% |
| TASD-T.AO | 1,58% | 2,21% | 1,47% | 0,78% | 0,87% | 0,46% |
| ÇHCD-AO | 0,92% | 2,25% | 2,38% | 1,50% | 1,83% | 1,52% |

**شۇ مەزگىللەردە ئېشىش نىسبىتىگە ئاساسەن ئۇيغۇر نوپۇسىدىن چىقىرىلغان پەرقلىق تەخمىنلەر**



## 3. ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرى بىلەن ئېشىش نىسبەتلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق قىياس سىنىقى

ستاتىستىكىلىق قىياس سىنىقى ئېھتىماللىق قائىدىسى ئارقىلىق دەلىللىگىلى بولىدىغان ھەر قانداق نوپۇس پارامېتىرى توغرىسىدىكى نەزىرىيەدۇر. قىياس سىنىقىدا بىر قىياس بىلەن ئۇنىڭ زىتى بولغان باشقا بىر قىياسنى سېلىشتۇرۇپ چىققان نەتىجىگە ئاساسەن قايسى قىياس بەكرەك مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. سېلىشتۇرۇلغان ئىككى قىياستىن بىرىگە نۆل قىياس (ستاتىستىكىلىق قىياس)، يەنە بىرىگە زىت قىياس (تەتقىقات قىياسى) نامى بېرىلىدۇ.

### 3.1 ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرىنىڭ (خ خ ج تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ شۇ مەزگىلدە ئاشقان سانى بىلەن چىقىرىلغان تەخمىن قىممىتى) قىياس سىنىقى

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردە ئاشقان كىشى سانى (ن ئا)، باشقا مەنبەلەردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئوخشاش مەزگىللەردىكى ئاشقان كىشى سانى (ت. ن ئا)دىن پەرقلىقتۇر.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن

نۆل قىياس $H_0: \quad T.NA = NA$

زىت قىياس $H_1: \quad T.NA \neq NA$

| مەزگىل | 1953-1964 | 1964-1982 | 1982-1990 | 1990-2000 | 2000-2010 | 2010-2020 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| T.NA | 1.585.423 | 3.190.647 | 1.671.225 | 1.517.336 | 1.723.829 | 1.317.372 |
| NA | 384.000 | 1.964.300 | 1.235.900 | 1.153.800 | 1.655.700 | 1.623.000 |

$* \ T.NA = \sqrt[3]{(ÇHCD - T.NA) \times (UYYK - T.NA) \times (TASD - T.NA)}$

ئەگەر «NA» قىممەتلىرى، «T.NA» قىممەتلىرىنىڭ% 95 ئىشەنچىلىك دەرىجىسى ئىچىدە بولسا ئۇنداقتا «NA» بىلەن «T.NA» ئارىسىدا پەرق يوقلۇقى ($H_0: T.NA = NA$) غا، ئەكسىچە پەرق بارلىقى ($H_1: T.NA \neq NA$) غا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

| مەزگىل | T.NA: (يۇقىرى چەك , تۆۋە چەك) | NA | قارار: T.NA–NA |
|---|---|---|---|
| 1953-1964 | (1.008.696 , 2.162.150) | 384.000 | پەرق بار |
| 1964-1982 | (2.306.583 , 4.074.712) | 1.964.300 | پەرق بار |
| 1982-1990 | (1.427.967 , 1.914.483) | 1.235.900 | پەرق بار |
| 1990-2000 | (1.267.190 , 1.767.481) | 1.153.800 | پەرق بار |
| 2000-2010 | (1.410.832 , 2.036.826) | 1.655.700 | پەرق يوق |
| 2010-2020 | (1.653.815 , 2.298.301) | 1.623.000 | پەرق بار |

* تۆۋەن چەك = ئوتتۇرىچە.$T.NA - SE \cdot t_{0,05;2}$ , يۇقىرى چەك = $Ort.T.NA + SE \cdot t_{0,05;2}$ . $SE = S_{T.NA}/\sqrt{2}$ . $t_{0,05;2} = 4,303$.

| مەزگىل | سېلىشتۇرما | پەرق | 95% ئىشەنچىلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن پەرق قارارى |
|---|---|---|---|
| 1953-1964 | Ort.T.NA = 1.585.423 > 384.000 = NA | 1.201.423 | مۇھىم |
| 1964-1982 | Ort.T.NA = 3.190.647 > 1.964.300 = NA | 1.226.347 | مۇھىم |
| 1982-1990 | Ort.T.NA = 1.671.225 > 1.235.900 = NA | 435.325 | مۇھىم |
| 1990-2000 | Ort.T.NA = 1.517.336 > 1.153.800 = NA | 363.536 | مۇھىم |
| 2000-2010 | Ort.T.NA = 1.723.829 > 1.655.700 = NA | 68.129 | مۇھىم ئەمەس |
| 2010-2020 | Ort.T.NA = 1.778.452 > 1.623.000 = NA | 155.452 | مۇھىم |

* ئوتتۇرىچە.$T.NA$ = (يۇقىرى چەك + تۆۋەن چەك) / 2 .

ئېلان قىلىنغان مەزگىللەردىكى ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرى ( ن ئا ) بىلەن، باشقا مەنبەلەردىن ھاسىل قىلىنغان ئاشقان نوپۇس تەخمىن قىممەتلىرى (ت. ن ئا) ئوتتۇرىسىدا 2000 - 2010 مەزگىللىرىدىن باشقا بارلىق مەزگىللەردە 95% ئىشەنچىلىك دەرىجىسى نۇقتىسىدىن پەرق مەۋجۇت. 2000 - 2010 مەزگىللىرىدىن باشقا بارلىق مەزگىللەردە ئاشقان نوپۇس تەخمىن قىممەتلىرىنىڭ ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرىدىن چوڭ بولۇشى، ئەمەلىيەتتە تەخمىنى ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرىنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرىنى تېخىمۇ ئاز ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**3.2. ئاشقان نوپۇسنىڭ (خ خ ج تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئاشقان نوپۇس نىسبىتى بىلەن تەخمىنى نىسبىتى)قىياس سىنىقى**

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئاشقان نىسبىتى (ئا ئو)، باشقا مەنبەلەردىن ھاسىل قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئوخشاش دەۋرلەردىكى ئاشقان نىسبىتى (ت. ئا ئو) دىن پەرقلىقتۇر.

$H_0 : T.AO = AO$ نۆل قىياس

$H_1 : T.AO \neq AO$ زىت قىياس

| مەزگىل | 1953-1964 | 1964-1982 | 1982-1990 | 1990-2000 | 2000-2010 | 2010-2020 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| T.AO % | 2,34 | 2,17 | 1,97 | 1,22 | 1,23 | 0,82 |
| AO % | 0,92 | 2,25 | 2,38 | 1,50 | 1,83 | 1,52 |
| $* \; T.AO = \sqrt[3]{(ÇHCD - T.AO) \times (UYYK - T.AO) \times (TASD - T.AO)}$ | | | | | | |

ئەگەر «ئا ئو» قىممەتلىرى، «ت. ئا ئو» قىممەتلىرىنىڭ 95% ئىشەنچىلىك دەرىجىسى ئىچىدە بولسا، ئۇنداقتا « ئا ئو» بىلەن «ت. ئا ئو» ئارىسىدا پەرقنىڭ يوقلىقى$(H_0 : T.AO = AO)$ غا، ئەكسىچە پەرقنىڭ بارلىقى $(H_1 : T.AO \neq AO)$غا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

| مەزگىل | T.AO % : (تۆۋەن چەك , يۇقىرى چەك) | AO % | قارار: T.AO–AO |
|---|---|---|---|
| 1953-1964 | (2,16 , 3,68) | 0,92 | پەرق بار |
| 1964-1982 | (2,07 , 2,49) | 2,25 | پەرق يوق |
| 1982-1990 | (2,50 , 3,39) | 2,38 | پەرق بار |
| 1990-2000 | (1,65 , 2,62) | 1,50 | پەرق بار |
| 2000-2010 | (2,09 , 2,58) | 1,83 | پەرق بار |
| 2010-2020 | (1,62 , 2,89) | 1,52 | پەرق بار |
| * تۆۋەن چەك $= Ort.T.AO - SE \cdot t_{0,05;\,2}$ , يۇقىرى چەك $= Ort.T.AO + SE \cdot t_{0,05;\,2}$ . $SE = S_{T.NA}/\sqrt{2}$ . $t_{0,05;\,2} = 4,303$. | | | |

| 95% ئىشەنچلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن پەرق قارارى | % پەرق | سېلىشتۇرما | مەزگىل |
|---|---|---|---|
| مۇھىم | 2,00 | Ort.T.AO = 2,92 > 0,92 = AO | 1953-1964 |
| مۇھىم ئەمەس | 0,03 | Ort.T.AO = 2,28 > 2,25 = AO | 1964-1982 |
| مۇھىم | 0,57 | Ort.T.AO = 2,95 > 2,38 = AO | 1982-1990 |
| مۇھىم | 0,64 | Ort.T.AO = 2,14 > 1,50 = AO | 1990-2000 |
| مۇھىم | 0,51 | Ort.T.AO = 2,34 > 1,83 = AO | 2000-2010 |
| مۇھىم | 0,73 | Ort.T.AO = 2,25 > 1,52 = AO | 2010-2020 |

** Ort.T.AO = (يۇقىرى چەك + تۆۋەن چەك) / 2 .*

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ھەر قايسى دەۋرلەردىكى نوپۇس ئېشىش نىسبەتلىرى (ئا ئو)، باشقا بارلىق مەنبەلەردىن ھاسىل قىلىنغان ئېشىش نىسبەتلىرى (ئورت. ت. ئا ئو) ئارىسىدا 2000 - 2010 مەزگىللىرىدىن باشقا بارلىق مەزگىللەردە 95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى جەھەتتىن پەرق بار. بۇ پەرق 2000 - 2010 مەزگىللىرىدىن باشقا بارلىق مەزگىللەردە 95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى نۇقتىسىدىن مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. 2000 - 2010 مەزگىللىرىدىن باشقا بارلىق مەزگىللەردە « ئورت. ت. ئا ئو»نىڭ «ئا ئو»دىن چوڭ بولۇشى، ئەمەلىيەتتە تەخمىن قىلىنغان ئاشقان نىسبەتنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ ئاز ئىكەنلىكىنى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردە ئېشىش نىسبىتىنى تېخىمۇ ئاز ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 4. خۇلاسە ۋە مۇلاھىزە

جەمئىيەتلەرنىڭ نوپۇسى قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا،تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان مەزگىللەردە ئاشقان نوپۇس قىممىتى بىلەن ئوخشاش مەزگىللەردە ئېشىش نىسبىتىنىڭ بېكىتىپ چىقىلىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. مەزكۇر تەتقىقات ماقالىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان يىللاردىكى (1953 - 1964, 1964 - 1982, 1982 - 1990, 1990 - 2000, 2000 - 2010, 2010 - 2020) ئاشقان نوپۇسى ۋە ئېشىش نىسبىتى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان قىممەتلەر ۋ باشقا مەنبەلەردىن ھاسىل قىلىنغان تەخمىنى قىممەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىلدى ۋ بۇ ئىككى قىممەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ مۇھىملىقى ئىستاتىستىكلىق تەخمىن قىلىش مېتودى بىلەن ئانالىز قىلىنىپ، ئەڭ ئىشەنچلىك قىممەت سۈپىتىدە 0.05% ئىناۋەتلىك دەرىجىسى (95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى) ئۆلچەم قىلىندى.

بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە 1940 - 1949 ۋە 1941 - 1948 يىللىرىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1953 - 2020 يىللىرىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى توغرۇلۇق تەخمىنى خۇلاسە چىقىرىلغان بولۇپ، بۇنى تۇتقا قىلغان ئاساستا 1953 - 1964، 1964 - 1982، 1982 - 1990، 1990 - 2000، 2000 - 2010، 2010 - 2020 يىللىرىدىكى ئاشقان نوپۇسى بىلەن ئېشىش نىسبەتلىرى تەخمىنى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئارقىدىن بۇ يىللاردىكى ئاشقان نوپۇس بىلەن

ئېشىش نىسبەتلىرىدىن چىققان تەخمىنى قىممەتلەر بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان سانلىق - مەلۇماتلارنىڭ قىممەتلىرى سېلىشتۇرۇلۇپ، خىتاي دۆلىتى ئېنىقلانغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرى بىلەن ئېشىش نىسبەتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇۋاپىق ياكى ئەمەسلىكى تەجرىبە ۋە سىناق قىلىندى. ئاخىرىدا چىققان نەتىجىگە ئاساسەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى توغرۇلۇق ئېلان قىلغان سانلىق - مەلۇماتلارنى رەت قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە قارار بېرىلدى.

**1. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مەلۇم يىللاردىكى ئاشقان قىممىتى**

1) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك نوپۇس ساناش خىزمەتلىرى جەريانىدا ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئاشقان نوپۇس قىممىتى بىلەن باشقا مەنبەلەردىن ھاسىل قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئوخشاش يىللاردىكى ئاشقان نوپۇس ئوتتۇرىسىدا 2000 - 2010 يىللىرىدىن باشقا بارلىق يىللاردا پەرق چىققان بولۇپ، بۇ پەرق ئەمەلىيەتتە 95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى جەھەتتىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلغان سانلىق - مەلۇمات قىممەتلىرى بىلەن تەخمىن قىلىنغان سانلىق - مەلۇمات قىممەتلىرى ئوتتۇرىسىدا، 1953 - 1964 يىللىرىدا 1 مىليون 201423، 1964 - 1982 يىللىرىدا 1 مىليون 226347، 1982 - 1990 يىللىرىدا 435325، 1990 - 2000 يىللىرىدا 363536، 2010 - 2020 يىللىرىدا 155452 كىشى پەرق بولۇپ، بۇ پەرق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىش ھېسابلانسا، 2000 - 2010 يىللىرىدىكى 68129 كىشى سانى بۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك ياكى قىممەتلىك ھېسابلانمايدۇ.

3) بۇ يىللاردا ئاشقان نوپۇس توغرۇلۇق چىقىرىلغان تەخمىن قىممەتلىرى، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلغان ئاشقان نوپۇس قىممەتلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ بولغانلىقتىن (NA<Ort.T.NA)، خىتاي دۆلىتى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇمات قىممەتلىرى 95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى نۇقتىسىدىن ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. باشقىچە ئېيتقاندا، 1953 - 2020 يىللىرىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ شۇ يىللاردىكى ئاشقان نوپۇس سانىنى تەخمىنەن 3 مىليون 450212 كىشى (=1201423+1226347+435325+363536+155452+68129) تېخىمۇ ئاز ئېلان قىلغان.

**2. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ مەلۇم يىللاردىكى ئاشقان نىسبىتى**

1) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكەتلىك نوپۇس ساناش خىزمەتلىرى جەريانىدا ئېلان قىلغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بۇ يىللاردا ئاشقان نىسبىتى بىلەن باشقا مەنبەلەردىن ھاسىل قىلىنغان ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئوخشاش يىللاردا ئاشقان نىسبىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار ( 1964 - 1982 يىللىرىدىن باشقا)بولۇپ، بۇ پەرق 95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى نۇقتىسىدىن ئەھمىيەتلىك ياكى ئىناۋەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

2) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى توغرۇلۇق ئېلان قىلغان ئېشىش نىسبىتى بىلەن تەخمىنى مېتود ئارقىلىق چىقىرىلغان نوپۇس قىممەتلىرى ئوتتۇرىسىدا، 1953 - 1964 يىللىرىدا 2.00%، 1982 - 1990 يىللىرىدا 0.57%، 1990 - 2000 يىللىرىدا 0.64%، 2000 - 2010 يىللىرىدا 0.51%، 2010 - 2020 يىللىرىدا 0.73% نىسبەتتە پەرق بار بولۇپ، بۇ پەرق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك ۋە ئىناۋەتلىك ھېسابلانسا، 1964 - 1982 يىللىرىدىكى 0.03%، بۇ يىللاردىكى ئۇيغۇر

نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نىسبەتلىك ئەھمىيەتلىك ۋە ئىناۋەتلىك ھېسابلانمايدۇ.

3) مەلۇم يىللاردا تەخمىنى مېتود ئۇسۇلى ئارقىلىق چىقىرىلغان ئېشىش نىسبەتلىرى خىتاي دۆلىتى ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئاشقان نىسبەتلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ بولغانلىقتىن (NA<Ort.T.NA)، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئەمەلىيەتتىن ئاز ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. باشقىچە دېگەندە، 1953 - 1964 يىللىرىدا ئېشىش نىسبىتى 0.92% ئەمەس 2.92%، 1982 - 1990 يىللىرىدا 2.83% ئەمەس 2.95%، 2000 - 2010 يىللىرىدا 1.83% ئەمەس 2.34% ۋە 2010 - 2020 يىللىرىدا 1.52% ئەمەس، 2.25%تۇر.

يۇقىرىدىكى نەتىجىلەرگە كۆرە، بارلىق مەنبەلەر ئاساس قىلىنسا ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم يىللاردىكى ئاشقان نوپۇس سانى 1953 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئاساسەن دېگۈدەك مۇسبەت تەرىقىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان بولسا، ئاشقان نىسبەت ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدا تېخىمۇ ئاز ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان. باشقىچە ئېيتقاندا، بىز ئىشلەتكەن سانلىق - مەلۇماتلارنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ 1953 - 2020 يىللىرىدا، ئاشقان نوپۇس سانى خىتاي دۆلىتى ئېلان قىلغان سانلىق - مەلۇمات قىممەتلىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا ماس ھالدا ئاشقان نىسبەتنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

1953 - 1964 يىللىرىدىكى ئاشقان نىسبەتنىڭ (2,35%)، خىتاي دۆلىتى ئېلان قىلغان نىسبەتتىن (0,92%) كۆپ بولۇشى، 2010 - 2020 يىللىرىدىكى ئاشقان نىسبەت (0,82%)، خىتاي دۆلىتى ئېلان قىلغان نىسبەتتىن (1,52%) ئاز بولۇشى، 1964 - 1982 يىللىرىدا ھەر ئىككى نىسبەت ئوتتۇرىسىدا ئىناۋەتلىك ياكى ئىشقا يارايدىغان پەرقنىڭ بولماسلىقى (95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى نۇقتىسىدىن ئىناۋەتلىك)، يەنە بىر تەرەپتىن 2000 - 2010 يىللىرىدا ئاشقان نوپۇس سانى بىلەن خىتاي دۆلىتىنىڭ سانى ئوتتۇرىسىدا ئىناۋەتلىك ياكى ئىشقا يارايدىغان پەرقنىڭ بولماسلىقى، 2010 - 2020 يىللىرىدا خىتاي دۆلىتى ئېلان قىلغان ئاشقان نوپۇس سانىنىڭ (1.623.000) ئاشقان نوپۇس سانىدىن (1.317.372) كۆپ بولۇشى، لېكىن باشقا يىللاردا تەتۈر ۋە زىت ئەھۋالنىڭ بولۇشى (95% ئىشەنچلىك دەرىجىسى نۇقتىسىدىن ئىناۋەتلىكتۇر) كۆپ قىرلىق تەتقىقاتلارنى تەقەززا قىلىدۇ.

## پايدىلانمىلار


[1] Çin Yıllığı Bilgi Raporu (1954), Çin Devlet İstatistik Genel Müdürlüğü/Beijing. ve Çin İstatistik Yıllığı, 1982. Sincan Uygur Özerk Bölgesi Cildi/Beijing. ve Sincan Uygur Özerk Bölgesi Ortak Strateji Departmanı , Özerk Bölge Halk işler Komitesi, 1980 - 1964/Urumçi. ve Çin Halk Cumhuriyeti İstatistik Yıllığı, 2020 - 1984/Beijing. Ve Sincan Uygur Özerk Bölgesi İstatistik Yıllığı, 2000 - 1984/Beijing.

[2] Barışçı D. (2021). Nüfus Tahmin Yöntemleri İle Doğu Türçkistan Nüfusunun Analizi - 1, Türkiye.

[3] Keyfitz, N., Caswell, H. (2005). Applied mathematical demography. (3th ed.). New York: Springer Science.

[4 Coale, AJ. ve Demeny, P. (1983). Regional Model Life Tables and Stable Populations, 2nd Edition, New York: Academic Press.

[5] Seper Ö.(2000): Uygulamalı İstatistik II, Ezgi Kitap Evi, Bursa/2000. Ve Chin Long Chiang (1984): The Life Table and Its Applications, Shanghai Translation Publishing House (Chinese Version).

* Zhou Jianhua (2003): Çin'deki Tatarların Nüfusunun Varyansı Ve Mevcut Durumu; Lioaning Üniversitesi Dergisi (Felsefe Ve Sosyoloji Baskısı), 2003 - 3.

* Li Jie, Xu Lili (2009): "1949'dan Sonra Yeni Çin'den Sincan'a Hanzuluların Göçünün Türleri Ve Etkileri", Kuzey Milletler Üniversitesi Dergisi, 2009 - 2/Yinchuan.

* Chen Zhiliang (1935): Sincan'ın Etnik Grupları Üzerine Araştırma, Kuzeybatı'nın Geliştirilmesi Cilt 2.6, Nanjing/1935.

* Sven Anders Hedin (1986, 2017): Dasiens Wüsten, F.A. Brockhaus, Germany/1986 (Çeviri: A.O.Öztürk, Hiper Yayın, Türkiye/2017.

* Li Qinwen (1932): Sincan'ın Ekonomik Durumu, Yeni Asya, Cilt 4 - 2, Shanghai - Nankin/1932.

* The United Front Work Department of CPC Central Committee, 01.2021: http://www.zytzb.gov.cn / sjxw/349887.jhtml

* Tanrı Dağ Haberler Sitesi, http://news.ts.cn/system/2021/06/14/036646107.shtml

* Xinhua Haber Sitesi: Sincan'ın Nüfus Gelişimi (2021). http:/www.news.cn/politics/2021 - 09/26/c_1127902959.htm

# كۇچادىكى «مەھكىمە شەرئى»نىڭ تارىخىي ئىزلىرى

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەھكىمە شەرئى ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەتكە ئاساسەن سوراق ئېلىپ بارىدىغان ۋە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورگىنى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ تاكى 1949-يىلى كومۇنىست ھاكىمىيىتىگە مۇستەملىككە بولغىچە بولغان مىڭ يىل ئارلىقىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى دەۋا- دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مۇھىم ئورگان بولۇپ كەلگەن. گەرچە مەھكىمە شەرئى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەممە يۇرتلاردا بولسىمۇ ،ئەمما كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ ئورگاننىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇلۇشلىرىمۇ چېقىپ تاشلانغان. كۇچا مەھكىمە شەرئىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئامان قالغان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئىسلام دىنىغا ئائىت قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ماقالىدا كۇچا مەھكىمە شەرئى ھەققىدىكى بەزى تارىخىي پاكىتلار سۆزلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىسلام دىنى، كۇچا، مەھكىمە شەرئى، كۇچا قىغدۆڭ مەسچىتى

**Abstract:** The Sharia court "Mehkime Sheriy" is an islamic sharia-oriented court that questions and judges different issues, and has been an important organization in the affairs of Uyghur



**ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت**

مۇستەقىل تەتقىقاتچى

ستوكھولم ــ شۋېتسىيە

E-mail:qumtur@gmail.com

society for thousands of years, from the time Uyghurs converted to Islam until the colonial rule in 1949. Although the Sharia court "Mehkime Sheriy" ruled in all lands inhabited by Uyghurs, its structures were later demolished as the organization was abolished. The construction site of the Kucha "Mehkime Sheriy" is one of the few surviving Islamic constructions until now, and this article discusses some of the historical facts about the Kucha "Mehkime Sheriy".

**Keywords:** Islam, Kucha, Mehkime Sheriy (Sharia Court), Kucha Qigdong Mosque

مەھكىمە شەرئى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىدىغان، يەنى شەرىئەتكە ئاساسەن سوراق ئېلىپ بارىدىغان ۋە ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورگىنى بولۇپ، ئۇمەييە سۇلالىسى دەۋرى (661-750)دە قۇرۇلغان. ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرى(750-1258) دە مۇكەممەللەشكەن. كېيىن ئىسلام دۇنياسىدىكى دۆلەتلەر ۋە مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مەسچىتلەر ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلغان①

ئۇيغۇرلار قاراخانىلارنىڭ تۆتىنچى پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىر قەدەر ئىلگىر كېيىن بولغاچقا، ھەرقايسى رايونلاردا قۇرۇلغان مەھكىمە شەرئىنىڭ ۋاقتىمۇ ئىلگىر – كېيىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يېتەرلىك تەتقىق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ياشىغان ھەرقايسى رايونلاردا قۇرۇلغان مەھكىمە شەرئىلەر ھەققىدە تولۇق مەلۇماتمۇ يوق. كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تولۇق ئىسلاملىشىشى 15 – ئەسىردە ئەمەلگە ئاشقان، دېگەن كۆز قاراش تارىخچىلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراشتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا كۇچا رايونىدا مەھكىمە شەرئى 15-ئەسىرلەردىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن، دەپ قارىساق ئانچە خاتا بولماسلىقى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھكىمە شەرئىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتلەرنىڭ خارەكتىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە يولغا قويۇۋاتقان قانۇن سىستېمىسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. كۇچادا قاچانلاردىن باشلاپ مەھكىمە شەرئىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە قەيەرلەردە بولغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما كۇچا قىغدۆڭ مەسچىتىنىڭ ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ 1949-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا جەمئىيەتتە مەلۇم نىسپەتتە ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرغانلىقى مەلۇم.

ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان كۇچا مەھكىمە شەرئىنىڭ تارىخىي ئورنى كۇچا قىغدۆڭ مەسچىتى (كۇچا خانىقاسى)نىڭ ھويلىسىنىڭ شەرقى تەرىپىدە بولۇپ، نۇقتىلۇق قوغدىلىدىغان يادىكارلىقلار قاتارىدا قوغدالماقتا. كۇچا قىغدۆڭ مەسچىتى مىلادىيە 1560-1561-يىللىرى ئارلىقىدا سەئىدىيە سۇلتانى سۇلتان ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسچىت سېلىنغاندا مەھكىمە شەرئىنىڭ بىرلىكتە سېلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. بۇ مەسچىت سېلىنغاندىن كېيىن تارىختا ئىككى قېتىم كېڭەيتىپ سېلىنغان، بىر قېتىم چوڭ كۆلەملىك كېڭەيتىپ قايتا سېلىنغان. بىرىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 1668- 1669-يىللىرى ئارلىقىدا كۇچالىق ئابدۇللاخان خوجا ئىشان ئىسھاقنىڭ بۇ مەسچىتكە قەدەم باسقانلىقىنىڭ ھۆرمىتىگە بېغىشلاپ، بۇ مەسچىتنى كېڭەيتىپ ،مەسچىت ۋە مەدرىسە قىلىپ سالدۇرغان. ئەمما بۇ قېتىمقى كېڭەيتىپ سېلىشتا مەھكىمە شەرئى سېلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. ئىككىنچى قېتىملىقى مىلادىيە 1726-1727-يىللىرى ئارلىقىدا كۇچالىق مەشھۇر كۆز دوختۇرى مۇھەممەت بىنىنى شىرىپ ھاجىم تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئەمما مەسچىت قۇرۇلۇشىنىڭ زادى قانچىلىك كېڭەيتىلگەنلىكى، مەھكىمە شەرئى

قۇرلۇشىنىڭ سېلىنغان ياكى سېلىنمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئۈچۈنچى قېتىملىقى 1928-يىلدىن 1933-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا قايتا سېلىنغان بولۇپ، مەسچىتنىڭ كۆلىمى ئەسلىدىكى كۆلىمىدىن زور دەرىجىدە كېڭەيتىلگەن. مەسچىت 1926-يىلى تويۇقسىز كەتكەن ئوت ئاپىتى سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، كۇچالىق مۆتىۋەر ھېلىم ھاجىمنىڭ چاقىرىق قىلىشى كۇچا، توقسۇ ۋە شاھياردىكى بايلارنىڭ ھەمكارلىشى بىلەن قىغدۆك مەسچىتى قايتىدىن كېڭەيتىلىپ سېلىنغان. بۇ قېتىم مەسچىت قايتا سېلىنغاندا مەسچىتنىڭ دائىرىسى ئەسلىدىكى كۆلىمىدىن زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىپ، ئىچكەركى مەسچىت، تاشقارقى مەسچىت، پەشتاق، ھويلا، مەدرىسە، تالىپلار ياتىقى، مەھكىمە شەرئى قاتارلىق مۇئەسسەلەر يۈرۈشلەشكەن شەكىلدە قۇرۇپ چىقىلغان[2]. دېمەك كۇچا قىغدۆك مەسچىتى ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىنىڭ ھازىرقى تارىخىي ئىزىنى مۇشۇ قېتىملىق قايتا قۇرۇپ چىقىشقا باغلاش مۇمكىن. چۈنكى تارىخچى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا، 1864-يىلى كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى بولغاندا ئۆزىنىڭ كۇچا قىغدۆك مەسچىتى مەدرىسەدە ئىكەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما مەھكىمە شەرئى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرمىغان. ئەگەر موللا مۇسا سايرامى دەۋرىدە مەسچىت ئىچىدە مەھكىمە شەرئى بولغان بولسا، كۇچا قىغدۆك مەسچىتى مەدرىسىدە ئوقۇغان ھەم ئۇستازى ئوسمان مۇدەررىس ئاخۇنۇمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ مەدرىسەدە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان موللا مۇسا سايرامى مەھكىمە شەرئى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان بولار ئىدى. بىز قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن پەقەت مۇشۇنداق پەرەز قىلىشقا مەجبۇرمىز. لېكىن بىز بۇنىدىن ئىلگىرى كۇچادا مەھكىمە شەرئى يوق ئىدى دېگەن يەكۈننى چىقىرالمايمىز. بەلكىم مەھكىمە شەرئى بۇنىدىن بۇرۇن سېلىنغان ياكى ئورنى باشقا مەسچىتلەردە ياكى باشقا ئورۇنلاردا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

چىڭ سۇلالىسى يىمىرىلىپ، تاكى قىزىل كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ھوقۇقنى ئالغۇچە كۇچا ناھىيەسى ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيەتلىرى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك بەگلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كېلىنگەن. گەرچە بۇ مەزگىللەردە بۇ ھەربىي مىللىتارىستلارنىڭ جەمىيەتنى كونترول قىلغۇدەك قانۇنى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما مەھكىمە شەرئى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ، خىزمەت دائىرىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئېنىق ئايرىۋېلىشقان. مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ قانۇن ئورگانلىرى باشقۇرۇشقا تېگىشلىك دەۋا-دەستۇرلار مەھكىمە شەرئىگە كېلىپ قالسا، مەھكىمە شەرئى قانۇن ئورگانلىرىغا يوللاپ بەرگەن. مەھكىمە شەرئىنىڭ باشقۇرۇشىغا دائىر دەۋا-دەستۇرلار قانۇن ئورگانلىرىغا كېلىپ قالسا، قانۇن ئورگانلىرى بۇنداق دەۋالارنى مەھكىمە شەرئىگە يوللاپ بەرگەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئەينى چاغدىكى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئاساسەن بۇلاڭچىلىق، ئوغۇرلۇق، يەر ماجىراسى، سۇ ماجىراسى، چېگرا ماجىراسى، قاتىللىق ۋە جەمىيەت تەرتىپىنى بۇزۇش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغان بولسا، مەھكىمە شەرئى نىكاھ ئىشلىرى، مىراس ئىشلىرى، ئىقتىسادىي ماجىرالار، ئەدەپ-ئەخلاق يۈسۈنلىرىنى يولغا قويۇش، ئاخۇنلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مەسچىتلەرگە ئىماملارنى تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق دىنىي قائىدىلەر بويىچە بىتەرەپ قىلىدىغان ئىشلارنى باشقۇرغان.[3]

«ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»دە مەھكىمە شەرئى ئادەتتە بىر قازى ئىككى ياكى ئۈچ ياردەمچىدىن تەركىپ تاپىدۇ دەپ، چۈشەنچە بەرگەن ،لېكىن ئەينى چاغدىكى كۇچا مەھكىمە شەرئىنىڭ

قازى قۇزات، قازى كالان، ئەئلەم، مۇپتى، قازى، قازى رەئىس، كاتىب قاتارلىق7 كىشىدىن تەركىپ تاپقانلىقى مەلۇم. يوقارقىلارنىڭ ھەممىسى مۆھەرلىك ئاخۇنلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇمۇلاق شەكىللىك كۆمۈش مۆھەرلىرى بولغان. بۇ ئاخۇنلار ھاكىملارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن مۆھەر ياسىتىپ، ۋەزىپىلىرىدە ئولتۇرغان. ئۇلار ئەتىگەن سائەت 9دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 4 لەرگىچە قىغدۆك مەسچىتى ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئىدە ئولتۇرۇپ، دەۋا سورىغان. دەۋاگەرلەر ئەرزلىرىنى كاتىبقا سۇنغاندىن كېيىن، 7 كىشىلىك ھەيئەت بىرلىكتە باش قوشۇپ، مەسلىھەت قىلىپ قارار چىقىرىشقان. ئەگەر ئىسپات ياكى تەكشۈرۈش كېرەك بولسا، مەھكىمە شەرئىدىكى ھەيئەتلەردىن بىرسى جامائەت ئىچىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئىسپات توپلىغان. كېيىن مەھكىمە شەرئىدىكى ھەيئەتلەر كېڭىشىپ، بىرلىكتە ھۆكۈم چىقارغان. جازا بېكىتىشكە توغرا كەلسە، مۇپتى پەتىۋا چىقارغان، قازى ھۆكۈم قىلغان، ئەئلەم ئاخۇنۇم، قازى كالان، قۇززات ئاخۇنۇملار پەتىۋانىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەپ مۆھۈر باسقان. شۇنىڭدىن كېيىن جازا ئىجرا قىلىنغان. ئادەتتە مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان جازالارنىڭ تۈرلىرى ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش، قەسەم قىلدۇرۇش ۋە دەررە ئۇردۇرۇش قاتارلىقلار بولغان. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن پاھىشەلىك قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغانلارغا 4 ئەر، 8ئايال گۇۋاھچىنىڭ بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلەر، قەرز ئالغان پۇلىدىن يېنىۋالغانلار، جازانخورلۇق قىلغانلارغا گۇناھىنىڭ ئېغىر يېنىكلىكىگە قاراپ، 10دىن 40 قىچە دەررە ئۇرۇش جازاسى بېرىلگەن. يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن، قەرز ئېلىپ تېنىۋالغانلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى يېنىك بولسا قەسەم قىلىش جازاسى بېرىلگەن. تەربىيە قىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەن پاھىشە ۋە پاشىۋازلارغا ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ سازايى قىلىش جازاسى بېرىلگەن.④

مەھكىمە شەرئىدىكىلەرنىڭ ئىش ھەققى بۇرۇن قانداق شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال يوق. ئەمما بۇ مەزگىللەردە كۇچادا ھۆكۈمەت تەرەپ مەھكىمە شەرئىدىكىلەرگە مۇئاش بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەنىلا ئىش ھەققىنى دەۋاگەرلەردىن ئالغان. ئادەتتە داۋا ھەققى داۋانىڭ خارەكتېرىگە ئاساسەن 1پىرسەندىن 5 پىرسەنگىچە بولغان. ھەر كۈنلۈك پۇل كاتىپ تەرىپىدىن يىغىلغان. ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى مەھكىمە شەرئىدىكى 7 كىشى دەرىجىلىرىنىڭ يوقۇرى-تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن پۇللارنى بۆلىشىۋالغان.

مەھكىمە شەرئىدە قازى قۇزات ئەڭ يوقۇرى ۋەزىپە بولۇپ، مەھكىمە شەرئى ھەيئىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولغان. مەھكىمە شەرئى تەرىپىدىن چىقىرىلغان پەتىۋالار قازى قۇزاتنىڭ مۆھىرى بېسىلغاندىن كېيىنلا كۈچكە ئىگە بولغان. «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى» دە قازى قۇزات سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلىغان:«يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە بىر نەچچە ناھىيەنىڭ دىنىي ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان چوڭ ئاخۇنۇم <قازى قۇزات> دەپ ئاتالغان».⑤ مەھكىمە شەرئىدە قازى قۇزاتتىن كېيىنكى ۋەزىپە قازى كالان بولۇپ، چىقىرىلغان پەتىۋالارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن ياكى چۈشەندۈرۈلمىگەنلىكىگە مەسئۇل بولغان. ئەئلەم ئاخۇنۇم جامائەت ئارىسىدا ئېغىز تىلى بويىچە ئەلەم ئاخۇنۇم بويىچە ئۆزلەشكەن بولۇپ، مەھكىمە شەرئىدىكى قازى كالاندىن كېيىنكى ۋەزىپىدۇر. ئۇ پەتىۋالاردا تەتبىقلانغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ماس كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا مەسئۇل بولغان. مەھكىمە شەرئىدە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەزىپە مۇپتى بولۇپ، دەۋا پۈتكەندىن كېيىن پەتىۋا چىقىرىشقا ھەم پەتىۋانى يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان. «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»دە مۇفتى سۆزىگە مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «بۇ ئەرەبچە سۆزنىڭ مەنىسى <شەرىئەتنى

چۈشەندۈرگۈچى> دېگەنلىك بولۇدۇئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەرخىل شىكايەتلەر توغرىسىدا ھۆكۈمنىڭ ئاساس قىلىنىدىغان شەرىئەتكە ئۇيغۇن رەسمىي پىكرىنى ئوتتۇرغا قويۇشتىن ئىبارەت»⑥. قازى دىنىي سوتچى بولۇپ، مەھكىمە شەرئىدىكى بەشىنچى ۋەزىپە بولغان. ئۇ دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئەرىز-شىكايەت ۋە ئۆزلىرىنى ئاقلاشلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈم چىقىرىشقا مەسئۇل بولغان. «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتىدە قازى ئاتالغۇسىنى مۇنداق شەرھلىگەن:«بۇ ئەرەپچە سۆزنىڭ مەنىسى <شەرىئەتنى ئىجرا قىلدىغان ئەمەلدار> دېگەنلىك بولۇدۇ. قازى شەرىئەتكە ئاساسەن دىنىي سوراق قىلىدۇ ۋە ھۆكۈم چىقىرىدۇ». قازى رەئىس مەھكىمە شەرئىدىكى يەنە بىر ۋەزىپە بولۇپ، دەرىجە جەھەتتە ئالتىنچى ئورۇندا تۇرغان. قازى رەئىس ئادەتتە مەھكىمە شەرئىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم- پەتىۋالارنى ئىجرا قىلدۇرۇشقا مەسئۇل بولغان. قول ئاستىدا 5تىن 7گىچە ئادەم بولغان بولۇپ، ئۇلار قازى رەئىسنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھۆكۈم-پەتىۋالارنى ئىجرا قىلىش ۋە جاۋاپكارلارنى مەھكىمە شەرئىگە چاقىرىپ كېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. مەھكىمە شەرئىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپە كاتىپ بولۇپ، مەھكىمە شەرئىنىڭ ئارخىپلىرىنى، ئىقتىسادىي ھېساباتلىرىنى باشقۇرۇش، ئەرىزدارلارنىڭ ئەرىزلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە يېزىپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلغان.

كۇچا مەھكىمە شەرئىنىڭ 1930-يىللاردىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى ھەققىدە قولىمىزدا ھېچقانداق ماتېرىيال يوق.كۇچا قىدىرىق مەسچىتى ئىچىدىكى مەھكىمە شەرئى ھەققىدىمۇ ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز، بۇ ھەققىدىمۇ تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەن ئۆزۈم ئوقۇغان بىر قىسىم ئەسلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا 1930-يىلدىن 1949-يىلغىچە كۇچادا ئۆتكەن بىر قىسىم داڭلىق ئۆلىمالار كۇچا مەھكىمە شەرئىدە ۋەزىپىدە بولغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر. ئابدۇۋاھىت ھاجىم، سىيىت ئەخمەت غوجا قاتارلىقلار قازى قۇزات بولغان. ئابدۇۋاھىت ھاجىم بىر مەزگىل قازى قۇزات ۋە كازى كالانلىق ۋەزىپىسىنى تەڭ ئۆتىگەن. ئابدۇۋاھىت ھاجىم، ھاشىم ھاجىم، ھامۇت مەۋلىۋى داموللا ھاجىم قاتارلىقلار قازى كالان بولغان. سىيىت ئەخمەت غوجا، قاسىم ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئەئلەم ۋەزىپىسىدە بولغان. سايىم ھاجىم تاكى 1949-يىلغىچە مۇپتى بولغان، بۇ كىشىدىن ئىلگىرى كىمنىڭ مۇپتى بولغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئابدۇلمجىت ئاخۇنۇم، مۇسايىپ دامولla ھاجىم قاتارلىقلار قازى بولغان. بايىز قارى، ھاشىم ھاجىم، ئىمىن ھاجىم قاتارلىق ئۆلىمالار قازى رەئىس بولغان.

2020-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى

## ئىزھاتلار ۋە مەنبەلەر


① «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى، 1-نەشرى، 409 - بەت، تۈزگۈچى: ئابدۇللاجان كېرەم

② كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى 3-سان، 227-226-225-224-بەتلەر، كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى، 1994-يىلى 10-ئاي

③ كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى 3-سان، 241-بەت، كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى، 1994-يىلى 10-ئاي

④ كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى 3-سان، 247-بەت، كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي مەسلىھەت كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزدى، 1994-يىلى 10-ئاي

⑤ «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»511-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى، 1-نەشرى، تۈزگۈچى: ئابدۇللاجان كېرەم

⑥ «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»511-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى، 1-نەشرى، تۈزگۈچى: ئابدۇللاجان كېرەم

⑦ «ئىسلام دىنى ئىزاھلىق لۇغىتى»511-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى، 1-نەشرى، تۈزگۈچى: ئابدۇللاجان كېرەم

# تارىختىن ئېلىنىدىغان دەرسلەر

ۋىل دورانت


**مۇھەممەدئەلى ئورخۇن**

ئەنقەرە ئۈنىۋېرسىتېتى تارىخ پەنلىرى دوكتورانتى.

E-mail: koltigin1127@gmail.com





**Tarihten Alınacak Dersler**
Will & Ariel Durant


*«تارىختىن ئېلىنىدىغان دەرسلەر» ناملىق بۇ كىتاب، ئامېرىكىلىق تارىخچى ۋە پەيلاسوپ ۋىل دورانت (Will Durant) ۋە ئارىېل دورانت (Ariel Durant) تەرىپىدىن 1968-يىلى نەشر قىلىنغان. يازغۇچى دۇنيا تارىخىدىن ئېلىنغان ساۋاقلارنى جۇغراپىيە، بىيولوگىيە، ئىرق، ئەخلاق، خاراكتېر، دىن، ئىقتىساد، سوتسىيالىزم، ھۆكۈمەت، ئۇرۇش، تەرەققىيات، زاۋاللىققا يۈزلىنىش قاتارلىق 12 نۇقتىدىن تەھلىل قىلغان بولۇپ، بۇ كىتابتا ئاپتور، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى، كەلگۈسىدىكى ئېھتىماللىقنى، ئىنساننىڭ خاراكتېرى، دىن، ئەخلاق ۋە دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەن باغلاپ تارىخى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابتىكى مەزمۇنلاردىن مۇھىم دەپ قارالغانلىرى بەلگىلىك ھەجىمدە تەرجىمە قىلىنىپ ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ.*


## ئىككىلەنمەك

ھەربىر تارىخشۇناس تەتقىقات خىزمىتىنى ئاخىرلىشاي دېگەندە، تۆۋەندىكى سوئال بىلەن قارشىلىشىدۇ: سىزنىڭ تەتقىقاتىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى؟ سىز يازغان ئەسەرلىرىڭىزدە، بىردىنبىر خۇشاللىقنىڭ

دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشى، ئىدىيە - قاراشلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۈشكۈنلىشىشى، شۇنىڭدەك پادىشاھلارنىڭ ئۆلۈشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى قايتا بايان قىلغانلىقىڭىزنى بايقىدىڭىزمۇ؟ ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز، ھېچقانچە كىتاب ئوقۇمايدىغان، ئۆچۈرلاردىن پەقەت كوچا پاراڭلىرى ئارقىلىقلا خەۋەردار بولغانلاردىنمۇ كۆپمۇ؟ سىز تارىختىن نۆۋەتتىكى ئەھۋالىمىزغا بىر بېشارەت، ھۆكۈم ۋە سىياسەتلىرىمىزگە ماياك، كۈتۈلمىگەن رەت قىلىشلار ۋە داۋالغۇپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە مۇداپىئە بولالايدىغان ساۋاق ئالدىڭىزمۇ؟ ئىلگىرىكى بىر قاتار تارىخىي پاكىتلار ئىچىدە، سىز بىر قانچە قائىدىنى بايقاپ، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئەھۋالىنى ياكى بىر دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى مۆلچەرلىيەلەمسىز؟ بەزىلەر «تارىخنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق»، «تارىخ بىزگە ھېچنېمە ئۆگەتەلمەيدۇ، چەكسىز ئۆتمۈش پەقەت خاتانىڭ تەكرارلىنىشى، كەلگۈسىدە چوقۇم تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك تىراگېدىيە يۈز بېرىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

بىز (ئاپتور ئەر - ئايال ئۆزىنى. تەرجىمە ئىزاھى) پات - پات مۇنداق تەسىراتقا كېلىپ قالىمىز، ھەتتا سانسىزلىغان تەشۋىشلەر بىزنىڭ جاسارىتىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بىز ئۆتمۈشنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نېمىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەمدۇق؟ ياكى تارىخ پەقەت «بىر ئويدۇرۇق»، پۈتۈنلەي «ئىشىنىش» مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق تارىخىي ۋەقەگە دائىر بىلىمىمىز مەڭگۈ تولۇق ئەمەس ،ھەتتا توغرا بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. تارىخ، مۇجمەل دەلىل - ئىسپاتلار، بىر تەرەپلىمە تارىخچىلار تەرىپىدىن ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز ۋە دىنىي ئېتىقادىمىز تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «تارىخنىڭ كۆپ قىسمى پەرەز، قالغانلىرى بىر تەرەپلىمە قاراش». تارىخشۇناسلار گەرچە ئۆزىنىڭ دۆلىتى، ئېتىقادى، ئىرقى ياكى سىنىپىدىن ھالقىپ كەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ماتېرىيال تاللىشى ۋە سۆز - ئىبارە قوللىنىشىدىكى ئىنچىكە نۇقتىلار، شەخسىي مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. تارىخشۇناسلار تارىخنى ھەمىشە ئاددىيلاشتۇرىدۇ، مۇرەككەپ كىشىلەر ۋە ھادىسىلەرنى ئەزەلدىن تولۇق چۈشىنىپ باقمايدۇ. ئۇلار،شەخس ۋە ۋەقەلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئاسان بولغان كىچىك بىر قىسمىنىلا تاللايدۇ. يەنە كېلىپ، بىز ئۆتمۈشتىكى يەكۈن ئارقىلىق كەلگۈسىنى تەھلىل قىلىمىز. دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتىدە تېزلىشىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەھلىللەر ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ تەۋەككۈلچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

1909 - يىلى چارلىز پېگى (1873 - 1914) «ئەيسادىن بۇيانقى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر، يېقىنقى 30 يىلدىكىدەك كۆپ ئەمەس» دەپ قارىغان؛ ھازىر بەزى ياش فىزىكا دوكتورلىرى ئۆزلىرى ئۆگەنگەن پەنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى پۈتكۈل تارىخىي دەۋردىنمۇ كۆپ ئۆزگىرىش بولدى دەپ قارايدۇ. ھەر يىلى، ھەتتا ھەر ئاي، بەزىدە ئۇرۇشتا، يېڭى كەشپىيات، يېڭى ئۇسۇل، ياكى يېڭى ۋەزىيەت كىشىلەرنى

ھەرىكىتى ۋە ئىدىيەسىنى يېڭىدىن تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاسادىپىي بىر ئېلېمېنت، بەلكىم ئەركىنلىك بولۇشى مۇمكىن، مېتال ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر قىلغاندەك تۇرىدۇ. كەلگۈسىدە، ئاتوملار ياكى تېخىمۇ كىچىك جىسىملارنىڭ ئىنكاسى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش بولىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتالمايمىز. ئېلېكترون، خۇددى ئەنگلىيە شائىرى كوۋپېر (cowper) نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئىلاھقا ئوخشاش سىرلىق، ئۇنىڭ ئويۇنى ۋە بەزى غەلىتە ئىش ياكى ئەھۋاللارمۇ دۆلەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، خۇددى ماكېدونىيە ئىمپېراتورى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (Alexander،مىلادىيەدىن بۇرۇن 323)نىڭ ھاراقتا بېرىلىپ ئۆلۈشىنىڭ ،يېڭى ئىمپېراتورلۇقنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەب بولغىنىدەك، يېڭى تەختكە چىققان چار پادىشاھنىڭ پىرۇسسىيەگە بولغان ھەيرانلىقىنىڭ، پىرۇسسىيە ھۆكۈمدارى فرىدېرىكنى چوڭ بىر پالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانغا ئوخشاش (1762).

روشەنكى، تارىخ بىر خىل پەن ھېسابلانمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر خىل سانائەت، بىر خىل سەنئەت، شۇنداقلا بىر خىل پەلسەپە - تارىخىي پاكىت توپلاش يەنى سانائەت، قالايمىقان ماتېرىياللارنى ئەھمىيەتلىك، سىستېماتىك ھالغا ئەكېلىش يەنى سەنئەت، پېرسپېكتىۋ ۋە ئويغىتىش رولى ئۈستىدە ئىزدىنىش پەلسەپە. «ھازىر بولسا ئۆتمۈش خەرىتىسىنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتكەن شەكلى، ئۆتمۈش بولسا ھازىرنى چۈشىنىش ئۈچۈن يېيىلغان خەرىتە».

ياكى بىز شۇنداق بولىدىغىنىغا ئىشىنىمىز، ۋە شۇنداق ئۈمىد قىلىمىز. پەلسەپەدە، بىز پۈتۈن ئارقىلىق قىسمەنلىكنى چۈشىنىشكە تىرىشىمىز؛ «تارىخ پەلسەپەسى»گە كەلسەك، بىز يەنە ئۆتمۈش ئارقىلىق ھازىرنى چۈشەنمەكچى بولىمىز. بىزگە مەلۇمكى،ھەر ئىككى خىل ئەھۋال ئۈچۈن بۇ مۇكەممەل پىكىر،ئومۇمىيۈزلۈك پېرسپېكتىۋ بىر خام خىيال.

بىز پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنى بىلەلمەيمىز؛ سۇمېرلار ۋە مىسىرلىقلاردىن ئىلگىرى نۇرغۇن مەدەنىيەتلەر بولۇشى مۇمكىن؛ بىز ئەمدىلا قېزىشنى باشلىدۇق، بىز ئىشنى قىسمەن بىلىملەردىن باشلىشىمىز، بەلكى بارلىق ئېھتىماللىقلارغا ۋاقتىنچە قانائەتلىنىشىمىز كېرەك؛ تارىخقا كەلسەك، ئۇنىڭغىمۇ ئىلىم - پەن ۋە سىياسەتشۇناسلىق،نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ۋە بارلىق ئىشلارغا ئوخشاشلا گۇمانلىنىش پوزىتسىيەسىدە بولۇشى كېرەك. «تارىخ،بارلىق تارىخنى نەزەرىيە ئەندىزىسىگە ياكى لوگىكىغا سىڭىشقا ئۇرۇنۇشلارنى مەسخىرە قىلىدۇ؛ تارىخ ئومۇمىيلاشتۇرۇلغان قېلىپلىرىمىزنى ،قائىدە پىرىنسىپلىرىمىزنى بۇزىدۇ؛ تارىخ بىر غەلىتە مەخلۇق(baroque). بەلكىم بۇ چەكلىملەر ئىچىدە، بىز تارىختىن سەۋرچانلىق بىلەن ھەقىقەتكە يۈزلىنىش، بىر - بىرىمىزنىڭ قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىمىز مۇمكىن.

ئادەم ئاسترونومىيەلىك ۋاقىتتىكى پەقەت بىر دەقىقە، يەر شارىدىكى بىر يولۇچى، ئۆز نەسلىنىڭ بىر بىخى، ئۆز مىللىتىنىڭ بىر ئەۋلادى، تەن، خاراكتېر ۋە ئەقىل

- پاراسەتنىڭ بىرىكمىسى، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى، مەلۇم ئېتىقادنىڭ مۇرىتلىرى ياكى گۇمانخورلىرى، مەلۇم بىر ئىقتىسادتىكى بىر بىرلىك، دۆلەتنىڭ بىر پۇقراسى ياكى ئارمىيە ئىچىدىكى بىر ئەسكەر. بىز، ئالەم بوشلۇقى ئىلمى، گېئولوگىيە، بىيولوگىيە، ئىنسان تەبئىتى، پسىخولوگىيە، ئېتىكا، دىن ئىلمى، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسەت،ئۇرۇش قاتارلىق ئالاقىدار تېمىلار ۋاستىسى ئارقىلىق تارىخ، ئىنسان تەبئىتى، ھەرىكىتى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا نېمىلەرنى دەيدۇ قاراپ باقايلى. نەچچە يۈز ئەسىرلىك تارىخنى 100 بەت ئىچىگە يىغىنچاقلاپ يەكۈن چىقىرىش ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت نادانلارلا شۇنداق قىلىدۇ. بىز قىلدۇق.

## تارىخ ۋە يەرشارى

تارىخنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى شەرھلەش ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، بىز ھازىرچە ئۇنى ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەر ۋە خاتىرىلەر دەپ تۇرايلى. ئىنسانىيەت تارىخى ئالەم بوشلۇقىدا قىسقىغىنا بىر ئۈزۈندە، تارىخنىڭ بىرىنچى ساۋىقى بولسا ھەزەر ئەيلەش. ھەر قانداق ۋاقىتتا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز يەرشارىغا بەك يېقىن ھەرىكەت قىلىپ، بىزنىڭ كىچىك يەر شارىمىزنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋېتىشى مۇمكىن؛ يەر شارىدىكى ئادەم ۋە جانلىقلار ئوت يالقۇنى ياكى ئىسسىقتا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن؛ ياكى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرگەن قۇياشنىڭ بىر ئۇچقۇنى، بىرگە سوقۇلۇپ كېتىشى ۋە بىز ئەسەبىيلەرچە قۇچاقلىشىش ئىچىدە، بارلىق قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئازابلارنى ئاخىرلاشتۇرۇشىمىز مۇمكىن. قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ بۇ ئېھتىماللىقلارنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، پاسكال (Pascal) نىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ كائىناتقا رەددىيە بېرىمىز. «كائىنات ئىنساننى ئېزىپ تاشلىغاندىمۇ،ئىنسان يەنىلا ئۇنى ئۆلتۈرگەن كائىناتتىن ئالىيجاناب بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما، غەلىبە قىلغان كائىنات ھېچنېمە بىلمەيدۇ.»

تارىخ گېئولوگىيەگە بويسۇنىدۇ. ھەر كۈنى دېڭىز - ئوكيانلار قۇرۇقلۇقنى ياكى قۇرۇقلۇق دېڭىز - ئوكيانلارنى بېسىۋالىدۇ؛ بەزى شەھەرلەر سۇ ئاستىدا غايىب بولىدۇ، بەلكى چۆكۈپ كەتكەن چوڭ چېركاۋ مەڭگۈ ئۆلارنىڭ ماتەم سىگنالىنى چالىدۇ. تاغ تىزمىلىرى قانۇنىيەتلىك كۆتۈرۈلۈپ - پەسىيىپ تۇرىدۇ؛ دەريا - ئېقىنلار شىددەت بىلەن ئۆلغايىپ تاشىدۇ ياكى قۇرۇپ كېتىدۇ، ۋە ياكى ئېقىنلار ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ ۋادى قۇملۇققا، بويۇنمۇ دېڭىز بوغۇزىغا ئايلىنىدۇ. گېئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە بىر خىل تۇراقسىز ھالەتتە بولۇپ، ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە خۇددى پېتىرنىڭ بوران- چاپقۇنلار ئىچىدە ھەزرتى ئەيساغا قاراپ ماڭغىنىدەك بىخەتەر ئەمەس.

كىلىمات، مونتېسكيۇ (Montesquieu) ۋە باكلې(Buckle) ئويلىغاندەك بىزنى قاتتىق كونترول قىلالمىسىمۇ، ئەمما ئۇ

بىزنى چەكلىيەلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ھەمىشە گېئولوگىيەلىك قىيىن مەسىلىلەرنى يېڭەلەيدۇ، مەسىلەن، ئىنسانلار قۇملۇقنى سۇغىرالايدۇ ھەمدە سەھرايى كەبىرنىڭ ھاۋاسىنى تەڭشىيەلەيدۇ؛ ئىنسانلار تاغلارنى تۈزلىتەلەيدۇ ياكى تاغلارنى تۆپىلىككە ئايلاندۇرۇپ گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخ تىكىدۇ؛ ئىنسانلار دېڭىز ئۈستى كۆچمە شەھىرى قۇرۇپ، دېڭىز - ئوكيانلارنى كېسىپ ئۆتەلەيدۇ، ئاسماندا ئۇچۇش ئۈچۈن غايەت زور قۇشلارنى ياسىيالايدۇ. لېكىن بىر قېتىملىق قارا بوران بىر سائەت ئىچىدە يۈز يىل مابەينىدە قۇرۇلغان بىر شەھەرنى ۋەيران قىلىشى؛ بىر مۇز تاغنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى دېڭىز ئۈستىدىكى لەيلىمە سارايىنى ۋەيران قىلىشى ياكى يوق قىلىشى ۋە مىڭلىغان ئىنسانىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر يامغۇر بەك ئاز ياغسا، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاش مەدەنىيەتنى كۆچمە قۇملۇققا كۆمۈپ قويىدۇ؛ ئەگەر يامغۇر سۈيى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئوتتۇرا ئامېرىكادىكىگە ئوخشاش مەدەنىيەت ئورمانلاردا بوغۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئەڭ ئاۋات جايلاردا تېمپېراتۇرا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 C ئۆرلىسە، بىز ئۇيقۇدىن ئويغىنالمايدىغان ھۇرۇن، ياۋايى ھالىتىمىزگە قايتىشىمىز مۇمكىن. سۇبتروپىك بەلباغ ئىقلىمىدىكى 500 مىليون نوپۇسى بار بىر دۆلەت چۈمۈلگە ئوخشاش كۆپەيسىمۇ، ئىسسىقلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەپ كەتسە، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان رايونلاردىن كەلگەن جەڭچىلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى مۇمكىن. گەرچە ئىنسانلارنىڭ يەر شارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار يەنىلا ئاخىرىدا تاش تۇپراققا ئايلىنىشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

جۇغراپىيە تارىخنىڭ قېلىپى، تارىخنىڭ پەرۋىشچىسى ۋە تەربىيەچىسى. يەر يۈزىدىكى دەريا، كۆل، بوستانلىق، دېڭىز - ئوكيان، ئىنسانلارنى ئۆز قىرغاقلىرىدا ئولتۇراقلىشىشقا جەلپ قىلىدۇ، چۈنكى سۇ جانلىقلار ۋە شەھەرلەرنىڭ ھايات مەنبەسى، شۇنداقلا ئەرزان سودا ۋە ترانسپورت يولى. مىسىر «نىلنىڭ ھەدىيەسى» ئىدى. مېسسوپوتامىيە «ئىككى دەريا ئوتتۇرىسى» ۋە ئۇلارنىڭ ئېقىنلىرىنى بويلاپ ئارقا-ئارقىدىن مەدەنىيەت بەرپا قىلدى. ھىندىستانلىقلار ھىندى دەرياسى، براخما دەرياسى ۋە گانگ دەرياسىنىڭ قىزلىرى. ختايدىكى ھاياتلىق ۋە قايغۇ-ھەسرەتلەر (ئامېرىكادىكىگە ئوخشاش)، تولۇپ تاشقان، ئەتراپنى سۇغارغان چوڭ دەريالارغا قەرزدار. ئىتالىيە تىبەر، ئارنو ۋە پو ۋادىلىرىنى زىننەتلىدى. ئاۋستىرىيە دوناي دەرياسىنى بويلاپ، گېرمانىيەنىڭ ئېلبې ۋە رېيىن دەرياسىنى بويلاپ، فىرانسىيەنىڭ رون، لوئىر ۋە سېئىننى بويلاپ تەرەققىي قىلدى.

ئىيوردانىيە قەدىمى شەھىرى پېترا بىلەن سۈرىيە قەدىمى شەھىرى پالمىرا قۇملۇقتىكى بوستانلىق بىلەن ئوزۇقلانغان.

يۇنان نوپۇسى تېز كۆپىيىپ ئۆز تۇپراقلىرىغا سىغمىغۇدەك بولغان چاغدا، ئۇلار ئوتتۇرا دېڭىز (ئەپلاتون دېگەندەك «پاقىغا ئوخشاش كۆلچەكنى چۆرىدەپ

تۇرىدۇ») ۋە قارا دېڭىز قىرغىقىدىكى مۇستەملىكىلەرنى بايقىغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 480 - يىلىدىكى سالامىس ئۇرۇشىدىن مىلادىيە 1588 - يىلى ئىسپانىيە فىلوتى مەغلۇپ بولغانغا قەدەر بولغان 2000 يىل، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى قىرغاقلىرى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۈستۈنلۈك تالىشىدىغان رىقابەت سەھنىسى ئىدى. لېكىن، 1492 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كولومبو ۋە داگامانىڭ دېڭىز سەپىرى ئىنسانلارنىڭ ئوكيياننى بويسۇندۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى؛ ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئۈستۈنلۈكى خىرىسقا دۇچ كەلدى؛ گېنوئا، پىسا، فلورېنسىيە، ۋېنتسىيە ئاجىزلىششقا باشلىدى؛ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى سۇسلاشقا باشلىدى؛ئاخىرىدا ئاتلانتىك ئوكيان بويىدىكى دۆلەتلەر قەد كۆتۈردى، ئاخىرى ئۇلار ھۆكۈمرانلىقنى دۇنيانىڭ يېرىمىغىچە كېڭەيتتى. 1730 -يىلى جورج بېركلېي (George Berkeley) «ئىمپېرىيە غەربكە يۈزلىنىۋاتىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. ئۇنداقتا بۇ كېڭىيىش تىنچ ئوكياننى بويلاپ، ئىلگىرىكى ياپونىيەگە قىلغاندەك، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ سودا سانائەت تېخنىكىسىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلالامدۇ؟ غەربنىڭ ئەڭ يېڭى تېخنىكىسىغا شەرقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى قوشۇلسا بۇ غەربنىڭ چۆكۈشى بولۇپ قالارمۇ؟

ئايروپىلاننىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت خەرىتىسىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىدۇ. دەريا، دېڭىز - ئوكيانلارنى بويلاپ ماڭىدىغان سودا لىنىيەسى بارغانسېرى ئازىيىدۇ؛ئادەم بىلەن مال بارغانسېرى ھاۋا ترانسپورتى ئارقىلىق بىۋاستە مەنزىلگە يەتكۈزۈلىدۇ. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەر قولايلىق بولغان دېڭىز لىنىيەسى سودا ئەۋزەللىكىنى يوقىتىدۇ.؛ مەسىلەن رۇسىيە، خىتاي، بىرازىلىيەگە ئوخشاش دۆلەتلەر، زېمىنىنىڭ زىيادە كەڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۇچرىغان توسالغۇلار دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن قولايلىقىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى، ئەمدى بولسا ،ھاۋا ترانسپورتى ئارقىلىق ئىلگىرىكى قىسمەن قولايسىزلىقلارنى تۈگىتەلەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن دېڭىز بويىدىكى شەھەرلىرىنىڭ يۈك ئەشيالارنى پاراخوتتىن پويىزغا ياكى پويىزدىن پاراخوتقا يۆتكەش خاراكتېرلىك كېلەڭسىز تىجارەت ئۇسۇلى ئارقىلىق قىلغان كىرىمى ئازلاپ ماڭىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ترانسپورت ۋە ئۇرۇش جەھەتتىكى دېڭىز كۈچىنىڭ ئورنىنى ھاۋا كۈچى ئالغان چاغدا بىز تارىختىكى يەنە بىر تۈپتىن ئۆزگىرىشكە شاھىت بولىمىز.

پەن تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ جۇغراپىيەلىك ئامىللارنىڭ تارىخقا بولغان تەسىرى ئاجىزلايدۇ. يەر شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى دېھقانچىلىق، كانچىلىق ياكى سودا پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن، ئەمما رەھبەرلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئىجادكارلىق روھى ۋە ئەگەشكۈچىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى بىرلەشكەندىلا بۇ مۇمكىنچىلىكنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. پەقەت مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرلەشتۈرۈشلا (بۈگۈنكى ئىسرائىلىيەگە ئوخشاش) مىڭلىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بىر كۈلتۈر يارىتالايدۇ. مەدەنىيەتنى ياراتقان يەرشارى ئەمەس ئىنساندۇر.

# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

**شان روبېرتس**

**يالقۇن ئۇلۇغيول**

كوچ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەر كەسپى دوكتورانتى.

E-mail: uluyolyalkun@gmail.com




Sean R. Roberts, 2020
Princeton University Press, Princeton Studies in Muslim Politics Series; Hardcover, 328 pp, $29.95, ISBN: 9780691202181.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى شىددەتلىك باستۇرۇش سىياسىتى 2017 ـ يىلىدىن بۇيان خەلقئارا بويىچە ئەڭ دىققەت قوزغىغان مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ خىتاينىڭ شەرق تۈركىستاندا ئىنشا قىلغان «يېڭىدىن تەربىيەلەش» مەركەزلىرى ئارقىلىق «ئاشقۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇش» ئۇرۇنۇشىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىتاب ۋە ماقالە قەلەمگە ئېلىندى. بۇلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم كىتابلاردىن بىرى بولغان «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» شان روبېرتس تەرىپىدىن يېزىلىپ 2020 ـ يىلى پىرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئاپتور كىتابىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان يوقۇتۇش خاراكتېرلىك سىياسەتلىرىنىڭ سەۋەبى، تەرەققىياتى ۋە خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. كىتابنىڭ يەكۈنگە ئاساسلانغاندا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان، رايوننى پۈتۈنلەي ئىشغال ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق مودېرن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلىگەن سىياسەتلىرى ئەسلىدە ئەسىرلەر بويىچە

داۋاملاشقان مۇستەملىكە مۇناسىۋىتىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. دەرۋەقە شى جىنپىڭنىڭ هاكىممۇتلەق لىدېرلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان مەجبۇرى ئاسسىمىلياتسىيە ۋە كۇلتۇرەل قىرغىنچىلىق «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» ئارقىلىق مۇمكىن قىلىنغان ۋە مەشرۇلاشتۇرۇلغان. بۇ ئارقىلىق «تېررورىست» كىملىكى ۋە «مەۋجۇدىيەت تەهدىتى» ئۇقۇمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ خىتاي دۆلىتىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر نوپۇسىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىنسان هەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى يوشۇرۇشىغا يول ئېچىلغان. بۇ كىتاب «يەرشارى خاراكتېرلىك تېرروررغا قارشى ئۇرۇش» ۋە مۇستەملىكە تارىخى نۇقتىسىدىن مىسلى كۆرۈلمىگەن زوراۋانلىق ۋە ئىرقى قىرغىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان خىتاي دۆلىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇشقا تىرىشقان. كىتاب مۇقەددىمە ۋە خۇلاسىدىن سىرت ئالتە بابقا ئايرىلغان بولۇپ، مەزمۇنىغا ئاساسەن كىتابنى مۇستەملىكە تارىخى، تېررورىزم ئۇقۇمى هەققىدە مۇلاهىزە ۋە 2002 ـ يىلدىن بۇيان شەكىللەنگەن دۆلەت زوراۋانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى بابتا ئاپتور 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن چىڭ سۇلالىسى، گومىنداڭ ۋە كوممۇنىست خىتاي هۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونى بىلەن بولغان مۇستەملىكە ئۆتمۈشىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاپتور ئۇيغۇر ئېلىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ـ 18ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېسىۋېلىشى بىلەن خىتاينىڭ چېگرا رايونى مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغانلىقى ۋە ـ 19ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىشغال قىلىنىپ خىتاي تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋېلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ بابتا ئاپتور چىڭ سۇلالىسى ۋە گومىنداڭ هۆكۈمىتى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكىگە قارشى توختاۋسىز كۈرەش قىلغانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسقا ئۆمۈرلۈك مۇستەقىل دۆلەت قۇرالىغانلىق جەريانىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە كۇلتۇرەل ئۆتمۈشىدىن ۋاز كېچىپ خىتاينىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى قوبۇل قىلىشىنى ۋە مودېرن خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدىكى مۇستەملىكە مۇناسىۋىتىنىڭ ماهىيىتى 1949 ـ يىلدىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت ئۇيغۇر رايونى پەيدىنپەي چېگرا رايونىدىكى مۇستەملىكىدىن كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى رايونىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئاپتور شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆچمەنلەر مۇستەملىكىسى رايونىغا ئايلىنىپ قېلىشى خىتاينىڭ غەربنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى بويىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى تۈسى بەرگەن ئاساستا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۈركۈملەپ يەرلىشىشى ۋە نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ دۆلەت قولى بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىلىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بېسىۋالغان رايوننى «مەدەنىيلەشتۈرۈش» خاهىشى خىتاينىڭ قەدىممۇ قەدەم ماسلاشتۇرۇش (accommodation) تىن ئاسسىمىلياتسىيەگە، ئاسسىمىلياتسىيەدىن كەڭ كۆلەملىك كۇلتۇرەل قىرغىنچىلىققا

ئۆزگەرگەن سىياسەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

كېيىنكى ئىككى باب ئۇيغۇرلارغا كىيگۈزۈلگەن «تېررورچى» قالپىقى ۋە بۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. كىتابتا ئاپتور تېررور ھەرىكىتى ئۇقۇمىغا «زوراۋان، سىياسىي غەرىزى بولغان، ئاممىنى نىشانغا ئالغان ھەرىكەتلەر» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ (13 ـ بەت). بۇ ئارقىلىق ئاپتور خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنى خىتاينىڭ مەۋجۇدىيىتىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان تېررورچى تەشكىلاتلار دەپ قارىغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئۇ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىسلام دۈشمەنلىكى پوزىتسىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» رامكىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشىگە تۈرتكە بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاپتورغا نىسبەتەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ۋە تۈركىستان ئىسلام پارتىيەسىنى تېررورچى تەشكىلات دېيىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىسپات يوق. چۈنكى «بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئاممىنى نىشان قىلغان پىلانلىق سىياسىي زوراۋانلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق» (128 ـ بەت). ئاپتورغا نىسبەتەن كۆپىنچە تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، تىلى ھەققىدە يېتەرلىك سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي باياناتلىرىنى مەنبە قىلىپ كۆرسەتكەن ئاساستا يوقىرىقى ئىككى تەشكىلاتقا باھا بەرگەن. بۇ سەۋەبتىن ئاپتور بۇ ئىككى تەشكىلات ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ ئىشلىتىپ دۆلەت بىلەن قارشىلىشىشى تېررورلۇق قىلمىشىدىن بەكرەك خىتاينىڭ كۈچەيگەن زوراۋانلىقىغا رېئاكسىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان دەپ قارايدۇ. دەرۋەقە ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى مەۋجۇتلۇقىغا دائىر پاكىتنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلى تېررور تىزىملىكىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكى ئاپتورنىڭ يەكۈنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئاخىرقى ئۈچ باب 2002 ـ يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى نىشان قىلغان باستۇرۇش خاراكتېرلىك دۆلەت سىياسىتى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئاپتور 11 ـ سېنتەبىردىن كېيىنكى دەۋرنى ئۈچ مەزگىلگە ئايرىپ تەھلىل قىلغان. بىرىنچىسى، 2002 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىلدا خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھەرىكىتى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى خەلقئارا جەمئىيەتتە «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» قالپىقى ئاستىدا پەردازلانغان ھالدا «بۆلگۈنچىلىك» بىلەن ئەيىبلەنگەن ۋە قاتتىق باستۇرۇلغان. ئاپتورنىڭ قارىشى بويىچە، خىتاي بۇ مەزگىلدە «غەربنى ئېچىۋېتىش»، «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش» ۋە «ئالاھىدە ئىقتىسادىي سودا رايونى ئېچىش» قاتارلىق تەرەققىيات تۈرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللەندۈرۈش ۋاستىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى «مودېرنلاشتۇرۇش»نى

ۋە بۇ ئارقىلىق خىتاي جەمئىيىتىگە ئۇيغۇشلۇق سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. لېكىن خىتاينىڭ «رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق خىتايغا سىڭدۈرۈش» مەقسىتى، مائارىپ ۋە دىنىي ئورگانلارغا تەتبىقلانغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ۋە بۇ يۆنىلىشتىكى باشقا ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇپ بولغان. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئۇيغۇرلارنىڭ رايوندىكى كۆنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان خىتاي نوپۇسى بىلەن قارشىلىشىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە سىستېمىلىق چەتكە قېقىلىشى ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىغانلىقىدۇر. ئىككىنچى مەزگىل 2013 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە خىتاي دۆلىتى، ئالدىنقى مەزگىللەردىن پەرقلىق ھالدا، ئۇيغۇر نوپۇسىنى مەۋجۇتلىقىغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭ تەھدىت دەپ كۆرسەتكەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇرلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك كۆزىتىش تېخنىكىسى بىلەن باشقۇرۇشقا، شەھەر ۋە يېزا رايونلىرىدا ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ بەك چەتكە قېقىشقا ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا نىشانلىق زەربە بېرىشكە باشلىغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە بۇ مەزگىلدە «گۈزەللىكنى نامايان قىلىش»، «شىنجاڭ تەرەققىيات مۇنبىرى» قاتارلىق سەپەرۋەرلىكلەر نامىدا ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى شەيتانلاشتۇرۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

رايوندا 2017 ـ يىلىدىن بۇيان ئەۋجىگە چىققان «ئاشقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەركەزلىرى»نىڭ ئېچىلىشى، ئۇيغۇر




زىيالىيلىرى، دىنىي ئالىملىرى، تىجارەتچىلىرى ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشى، مەسچىتلەرنىڭ ۋە تارىخىي قۇرۇلۇشلارنىڭ چېقىلىشى، بالىلارغا قاراتمىلىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرى كىتابنىڭ ئاخىرقى بابىدا تەھلىل قىلىنغان. ئاپتور خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان بۇ قىلمىشلىرىغا «كۇلتۇرەل قىرغىنچىلىق» دەپ باھا بەرگەن . ئاپتورنىڭ خەلقئارادىكى «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» نۇقتىئىنەزەردىن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى تالاش تارتىشنى تۆۋەندىكى پاراگرافتا ئۇستىلىق بىلەن يىغىنچاقلايدۇ:

«...بۇ خىل زوراۋانلىق بىلەن بىر ئېتنىك

ياكى ئۇلۇسنىڭ كىملىكىنى يوقۇتۇش ۋە مەجبۇرى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنىشى بۈگۈنكى خەلقئارالىق جەمئىيەتتە قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ قىلمىشلار «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» رامكىسىدا يۈز بەردى... ئۇيغۇرلارنى «تېررورچى» دەپ قاراش ئارقىلىق ئىنسانىيلىقتىن چىقىرىۋېتىش دۇنيادىكى كۆپ سانلىق دۆلەتنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ كۆلتۈرەل قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنى ئۆز مەۋجۇدىيىتى ئۈچۈن تەھدىتكە قارشى ئېلىنغان تەدبىر دەپ چۈشىنىشىگە يول ئاچتى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلغان دۆلەتلەر «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش»نى باشلاتقان دۆلەتلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن 2000 - يىللىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تەھدىت دەپ قارىغان «تېررورچىلار»نىڭ ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلدى ۋە ئىنسانىيلىقتىن چىقىرىۋەتتى. شۇڭلاشقا بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاۋازى (ئۇيغۇر) مەسىلىسىدىكى ئەخلاقى ئۈستۈنلۈكىدىن مەھرۇم قالدى.» (200 - 201 - بەتلەر).

خۇلاسىلىگەندە، «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يېڭىچە ئۇيۇق ياراتقان ئەسەردۇر. ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلىيەلىشى ۋە 25 يىلدىن كۆپ ئېتنوگرافىيە تەتقىقات تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى بۇ كىتابنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان باشقا تەتقىقاتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. شان روبېرتس ئۇيغۇر رايونىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى ھەققىدە يېزىلغان باشقا ماقالە ۋە كىتابلارغا مەيدان ئوقۇيدۇ. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان بۇ رايوننى خىتاي تېررىتورىيەسىنىڭ ئايرىلماس قىسمى دەپ قارىماي، خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى تارىخى پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تېررورلۇق ھەققىدىكى مەۋجۇت تەتقىقاتلاردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر قوراللىق گورۇپپىلىرىنىڭ خىتاي دۆلىتى ئۈچۈن مەۋجۇدىيەت تەھدىتى ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا خىتاي دۆلىتىنىڭ «يەرشارى خاراكتېرلىك تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ، «تېررورىزم» ئۇقۇمىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان دۆلەت زوراۋانلىقىنى پەردازلاش ئۈچۈن قوللانغانلىقىنى سىستېمىلىق ھالدا چۈشەندۈرىدۇ. ئاخىرىدا ئاپتور ئۇيغۇرغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۆلتۈرەل قىرغىنچىلىق ھەققىدە توختىلىپ، خىتاي دۆلىتىنى تىزگىنلەنمىسە ئىنسانلىقتىن چەتنىگەن بۇ خىل زوراۋان دۆلەت سىياسىتىنىڭ باشقا ھاكىممۇتلەق دۆلەتلەرگىمۇ يېيىلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاپتور خەلقئارا جەمئىيەتنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىدۇ ۋە بۈگۈن ئۇيغۇرلارغا يۈز بەرگەنلەرنىڭ ھېسابى سورىمىغان ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزلىرى ئوخشاش ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدا خىتاي ئۇيغۇرلارنى نىشانغا ئالغاندا ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كىتابنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

# ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق

**پروففېسسور دوكتور فاتما ئۆزتۈرك داغاباكان**

**تاجىگۇل سەمەت**

ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق كەسپى ئاسپىرانتى

E-mail: sabatgina@gmail.com

20 ـ ئەسىر چاغداش تىلشۇناسلىقنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارالغان فەردىناند دە سائۇسسۇر (Ferdinand de Saussure)، تىلشۇناسلىقنىڭ پەقەت ۋە پەقەت تىلنى تىل ئۈچۈن تەتقىق قىلىدىغان بىر ساھە بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بولسا تىل بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەرجەھەتتىن كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىدىغان بىر ساھە. تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى زامانىۋى تەتقىقاتلار گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر قەدەر بالدۇر ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغان. تۈرك تىلشۇناسلار تۈركىيەدىكى تىل تەتقىقاتىنىڭ تىلشۇناسلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەڭ ئاز 50 يىل كەينىدە قالغان دەپ قارايدۇ. مەيلى تۈركچە ياكى ئۇيغۇرچە بولسۇن، ئىزدىنىپ باقىدىغان بولساق، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ياكى تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ساھەلەر توغرۇلۇق ئانا تىلىمىزدا يېزىلغان ماتېرىياللار ئۇياقتا تۇرسۇن، تەرجىمە ماتېرىياللارمۇ ئىنتايىن چەكلىك.

پروففېسسور دوكتور فاتما ئۆزتۈرك داغاباكان[1] (Prof. Dr. Fatma Öztürk Dağabakan) مۇئەللىمنىڭ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ناملىق بۇ ئەسىرى، بۇ ساھەدە يېزىلغان قىممەتلىك بىر ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. كىتاب بۇ ساھەدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش بىلەن بىرگە بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلارغا ۋە روياپقا چىقىدىغان ئەسەرلەرگە مەنبە بولالايدۇ.




[*] Fatma Öztürk DAĞABAKAN, Toplumdilbilim, Konya, Mayıs 2019, Çizgi Kitabevi yayınları

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ناملىق بۇ كىتاب، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا ئايرىلغان. نەزەرىيە قىسمى ئۆز ئىچىدە يەتتە كىچىك باپقا، ئەمەلىيەت قىسمى بولسا تۆت كىچىك باپقا ئايرىلغان.

كىتابنىڭ نەزەرىيە قىسمىغا قارايدىغان بولساق، بىرىنچى باپتا ئاپتور ئالدى بىلەن تىلنىڭ نېمىلىكى ۋە تىل بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت توغرىسىدا قىسقىچە توختالغان.

ئىككىنچى باپتا، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەسى توغرىسىدا ئىنتايىن تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن. ئاپتور ئىجتىمائىي تىلشۇناسلارنىڭ پەرقلىق كۆز قاراشلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەسىنى مۇنداق يىغىنچاقلىغان: كىم، كىم بىلەن، قايسى تىلنى، قانداق ۋە قاچان، قايسى ئىجتىمائىي شارائىتتا، قايسى تىلدا، قايسى نىيەت ۋە سەۋەپ تۈپەيلى سۆزلىشىۋاتىدۇ ياكى يېزىۋاتىدۇ؟[2]

ئۈچىنچى باپتا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئالاقە دائىرىسى ھەققىدە توختىلىپ، ئاپتور ئالدى بىلەن ئالاقىنىڭ نېمىلىكىدىن يولغا چىققان. خەنرىچ لۆفلەر(Heinrich Löffler)نىڭ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئالاقە مودېلىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ تېمىنى كېيىنكى باپتىكى كود ئالماشتۇرۇشقا باغلىغان. بۇ باپتا كود ئالماشتۇرۇشنىڭ ئېنىقلىمىسى، نېمە ئۈچۈن ئالاقىدە كود ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە كود ئالماشتۇرۇشنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغان.

بەشىنچى باپنىڭ تېمىسى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەسى بولۇپ، تەتقىقات ساھەسى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت، بۇ باپتا ئاپتور ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى ھەققىدىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن.

ئالتىنچى باپنىڭ تېمىسى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تارىخى تەرەققىياتى بولۇپ، ئاپتور بۇ توغرۇلۇق ئىنتايىن تەپسىلىي توختالغان. ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى بىلەن باشلىغان ئاپتور، داۋامىدا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ تەپسىلىي بايان قىلغان: ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، باشلانغۇچ مەزگىلى ۋە تەرەققىي قىلغان مەزگىلى. ھەر باسقۇچتا يەنە، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور تۆھپە قوشقان تىلشۇناسلار ھەققىدىمۇ قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن.

ئەڭ ئاخىرقى باپ تىلنىڭ تۈرلىرىگە ئايرىلغان بولۇپ، بۇ نەزەرىيە قىسمىنىڭ ئەڭ تەپسىلىي توختالغان بۆلىكىدۇر. بۇ باپتا ئاپتور ئالدى بىلەن تىل تۈرلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن ۋە پەرقلىق تىلشۇناسلارنىڭ تىل تۈرلىرى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلنىڭ ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتلىرى (Dilsel Değişke) ھەققىدە توختالغان. تىلنىڭ ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتلىرىنى شەخسكە، جۇغراپىيىگە، جەمئىيەتكە، ياشقا، گۇرۇپقا ۋە فۇنكسىيىگە خاس ئۆزگىرىشچان تىل خۇسۇسىيەتلىرى دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىغان. بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئۆز ئىچىدە يەنە پەرقلىق كىچىك كاتېگورىيىلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، ھەر بىرى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تەتقىقات ساھەسى ماھىيىتىدە.

كىتابنىڭ نەزەرىيە قىسمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەمەلىيەت قىسمىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ تۆت ئەمەلىي تەتقىقاتىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

بىرىنچىسى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولغان ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ تىلى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بولۇپ، بۇ باپتا ئاپتور ئالدى بىلەن ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم تەتقىقاتلار ۋە تىلشۇناسلار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ ئىككى مۇھىم نەزەرىيىسى بولغان، كەمتۈكلۈك نەزەرىيىسى (Eksiklik Görüşü) بىلەن كۆز قاراش پەرقى نەزەرىيىسى (Ayrılık Görüşü) توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختالغان. باپنىڭ ئاخىرىدا ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ تىل ئىشلىتىشىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن مىسال كەلتۈرۈپ تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئاپتورنىڭ ئىككىنچى تەتقىقاتى، تۈركچە ۋە گېرمانچىدا ئاياللار توغرىسىدىكى قېلىپلاشقان كۆز قاراشلار ھەققىدە بولۇپ، ئاپتور ئالدى بىلەن قېلىپلاشقان ئىپادىنىڭ نېمىلىكى، رولى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلغان. ئاندىن تۈركچە ۋە گېرمانچىدىكى ئاياللار ھەققىدىكى قېلىپلاشقان ئىپادىلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن مىسال ئېلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى تەتقىقاتىدا ئاپتور، تۈركچە ۋە گېرمانچە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ياشلارنىڭ تىلى توغرىسىدا توختالغان. بۇ باپتا ئاپتور ئالدى بىلەن ياشلارنىڭ تىلىنىڭ نېمىلىكى ۋە ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەپلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن. ئاندىن ئىجتىمائىي تاراتقۇلار توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا شەكىللەنگەن تۈركچە ۋە گېرمانچىدا ياشلارنىڭ تىلىدىن ئەمەلىي مىساللار بېرىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ تېمىنى يەنە بىر قەدەم ئايدىڭلاشتۇرغان.

ئەمەلىي قىسمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بابىدا، ئاپتور 2015 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا، ئەر ۋە ئايال خەلق ۋەكىلى نامزاتلارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان. ئاپتور ئالدى بىلەن سىياسەت تىلى، رولى ۋە ئالاھىدىلىكى توغرۇلۇق قىسقىچە چۈشەنچە بەرگەن. ئاندىن ئەينى چاغدىكى ئىككى ئەر ۋە ئىككى ئايال خەلق ۋەكىلى نامزاتىنىڭ نۇتۇقىنىڭ مەلۇم قىسمىنى نەقىل قىلىپ سېلىشتۇرما ئېلىپ بارغان.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسمىدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتاب، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە باشلامچىلىق رول ئوينايدىغان بىر ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. ئاپتور فاتما ئۆزتۈرك داغاباكان نەزەرىيە قىسمىدا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەندىن كېيىن، ئەمەلىيەت قىسمىدا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەتقىقات ساھەلىرى بولغان پەرقلىق بىر نەچچە تېمىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنىمۇ كىتابقا ئىلاۋە قىلىپ كىتابنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. شۇڭلاشقا بۇ كىتاب تىلشۇناسلىق ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولغانلارغا ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارغا ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. بۇ كىتاب ئىخچام ۋە ئىنىق مەلۇماتلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بەكمۇ ئەرزىيدۇ.

**Endnotes**

1 Atatürk Üniversitesi Alman Dili ve Edebiyatı Anabilim Dalı öğretim üyesi

2 Norbert Dittmar, Grundlagen der Soziolinguistik – Ein Arbeitsbuch mit Aufgaben, Max Niemeyer Verlag, Tübingen 1997, S.25

كىتاب تونۇشتۇرۇش (Book Review)

# خىتاي تەرتىپى:
# ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، دۇنياۋى ئىمپېرىيە
# ۋە خىتاي كۈچىنىڭ ماھىيىتى

**ۋاڭ فېيلىن** (王飞凌)


**مەۋلان تەڭرىقۇت**

ئىبىن خالدۇن ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر بۆلۈمى دوكتورانتى.

E-mail: m.tanrkitut@gmail.com





Fei-Ling Wang, The China Order: Centralia, World Empire, and the Nature of Chinese Power. (Albany, NY State University of New York Press:2017) $95.00

پىروفېسسور ۋاڭ فېيلىڭ خىتاي پۇشتىدىن بولغان ئامېرىكالىق بولۇپ ئەنخۇيدا تۇغۇلغان ۋە ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسەت بىلىملىرى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جورجىيە پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خىتاي تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلىمەكتە. خەلقئارالىق سىياسىي - ئىقتىساد، ئامېرىكا - شەرقىي ئاسىيا مۇناسىۋىتى، شەرقىي ئاسىيا ۋە جۇڭگو تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەردە ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇنىڭ «خىتاي تەرتىپى: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، دۇنياۋى ئىمپېرىيە ۋە خىتاي كۈچىنىڭ ماھىيىتى» ناملىق كىتابى 2017 - يىلى 9 - ئايدا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان.

كىتاب خىتاي تەتقىقات ساھەسىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر خىتاي پىروفېسسورنىڭ ئۆزى چوڭ بولغان ۋە پىشىشىق بىلىدىغان مەدەنىيەت ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چەتئەللىكلەرنىڭ خىتاي ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنىڭ

كۆپىنچىسىدە خىتاي غەربلىكلەرنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قارىشى ۋە تەتقىقات ئەنئەنىسى رامكىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ بۈگۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتىدە بۇرۇنقى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ھەققىدىكى تەھلىللەرنى بەك قارشى ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار مەسىلىگە ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش نۇقتىئىنەزەرىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىدىغان بولۇپ بۇ جەھەتتىن خىتاينىمۇ زامانىۋى باشقۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە، كوممۇنىزم ۋە باشقا مودېرن دۆلەت باشقۇرۇش پەلسەپەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارايدۇ. بۇ كىتاب ھەم غەربنىڭ بۇ خىل مېتود ۋە نەزەرىيەلىرنى ياخشى بىلىدىغان شۇنداقلا خىتاي مەدەنىيىتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر پىروفېسسورنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، غەربلىكلەرنىڭ دەل ئەكسىچە، كۈنىمىزدىكى خىتاي ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ ماھىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولغان ۋە تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا خىتاي ھاكىمىيەت ئەنئەنىسىنىڭ «ئۆزگەرمەس تەقدىرىگە» ئايلىنىپ كەتكەن چىن - خەن ئەندىزىسىدە مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ

ۋاڭ فېيلىڭنىڭ بۇ كىتابى خىتاينىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا خىتاينىڭ تارىخى كەچمىشىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىلمىي، ئەتراپلىق لېكىن رېۋىزىيونىست (باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان،تۈزىتىش خاراكتېرلىك، رادىكال) بىر شەكىلدە يېشىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ




خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى «خىتاي دۇنيا تەرتىپى» (China Order) نى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشنى ئۆزىگە بۇرچ (مىسسيون) دەپ قارايدىغان تارىختىكى چىن - خەن خەن سۇلالىسى سىياسىي سىستېمىسى ۋە ئىدېئولوگىيەسىنىڭ قايتىدىن جانلانغان شەكلى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (7 - بەت) (4 - بەت، 197 - بەت). «خىتاي دۇنيا تەرتىپى» «ئامېرىكا دۇنيا تەرتىپى» (4 - بەت) بىلەن «تۆپتىن زىت» بولغاچقا، ۋاڭنىڭ بۇ ھەقتىكى خۇلاسىسى گراھام ئالىسىن (Graham Allison) نىڭ خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنىڭ «تۇسىدىدېس تۇزىقى» (Thucydides’s Trap) ۋە «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» نىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن ھالىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدەك كۆز قاراشنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋاڭ فېيلىڭنىڭ قارىشىچە، مەيلى رېئاللىقتا ياكى كۆرۈنۈشتە بولسۇن، خىتاي كوممۇ-نىست ھاكىمىيىتى «كۈچلۈك ئىچكى لوگىكا» تەرىپىدىن «كۈڭزىچىلىق چاپىنىغا ئورنىۋالغان قانۇنچى» بولۇۋېلىش «تەقدىر كەبى پۈتۈۋېتىلگەن ۋە مەجبۇرلانغان» «چىن - خەن» چە ماھىيەتكە ئىگە دىكتاتور ۋە مۇستەبىت دۆلەت. (39، 46 - بەت). (قانۇنچى خىتاي سىياسەت پەلسەپەسىدىكى 法家 نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ ھاكىمىيەتنىڭ دىكتاتور بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان، قانۇننى خەلق ئۈچۈن ئەمەس ھۆكۈمدار، يەنى ھاكىمىيەت ئۈچۈن دەپ قارايدىغان باشقۇرۇش پەلسەپەسىنى كۆرسىتىدۇ). بۇ سىياسىي سىستېما ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئۆزىنىڭ كونتروللۇقى سىرتىدا جەھەتتە ھەرقانداق رىقابەت ياكى ئۆزى بىلەن باشقىلارنى سېلىشتۇرۇشنىڭ بولۇشىدىن ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە بىخەتەر ۋە تىنچ بولالمايدۇ.(46 - بەت)

خىتاي تارىخىدا، چىن - خەنچە ھاكىمىيەت «تۇنجى قېتىم چىن ئىمپېرىيەسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلدىن 207 - يىلغىچە) تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن ،«ئىككى خەن ئىمپېرىيەسى (202 - يىلدىن 9 - يىلغىچە ۋە 25 - 22 - يىللىرى) دەۋرىدە قايتا قۇرۇلغان ۋە مەشرۇلاشتۇرۇلغان (قانۇنلاشتۇرۇلغان، قوبۇل قىلدۇرۇلغان) . سۈي - تاڭ ئىمپېرىيەسى (581 - 907) تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن شۇنداقلا يۈەن، مىڭ ۋە چىڭ ئىمپېرىيەلىرى تەرىپىدىن مۇنتىزىم ۋە مۇكەممەل ۋە ناھايىتى كۈچلۈك ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن(397 - بەت) ئاپتورنىڭ قارىشىچە، مانا بۇ ئەدەپلىك «خىتاي دۇنيا تەرتىپى» مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردىن مىلادى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياۋرو - ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىدىكى خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

مانا بۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن تارىخنىڭ ئاسارىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تۇغۇلۇشىدىنلا «ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق يەردە ھازىرقى مەۋجۇت دۇنيانىڭ سىياسىي تەرتىپىنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىش ئۈچۈن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش» نىڭ يولىنى ئىزدەيدىغان ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت. خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئۈچۈن مانا بۇ ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە كۈچىنى كاپالەتلىك قىلىشنىڭ يولىدۇر. (197 - بەت). بۇ ھەقتە ئاپتور، ماۋزېدۇڭ شۇڭلاشقا «موسكۋادىن دۇنيا كوممۇنىست ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىكىنى، ئامېرىكىدىن دۇنيا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى» نى ئارزۇ قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ (180 - بەت). بۇنداق قاراش ماۋنىڭ كىشىلىك قارىشى بولماستىن خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ زېھنىيىتىگە مۆھۈردەك بېسىلىپ كەتكەنلىكىنى ئىما قىلغان ئاپتور، گەرچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ماۋ دىن كېيىن «نۇرغۇن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى» باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە ئورناپ كەتكەن «خىتاي دۇنيا تەرتىپى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

ئىدىيەسىدىن دىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكى ياكى تاشلىۋېتەلمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ. (210 ـ بەت).

ئاپتورنىڭ خىتاي ھەققىدىكى مۆلچەرى ناھايىتى مەنپىي ھالەتتە بولۇپ ئۇ خىتاي تەرتىپىنى ياكى خىتايچە سىياسەت ئەندىزىسىنى ئىچىدىن ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ(113 ـ بەت). نورمال شارائىتتا تاشقى ئامىللار ۋە تەسىرلەر يېڭىلىق يارىتىش، ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسى بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تاشقى ئامىللارنىڭ كۈچى ئادەتتە چىن ـ خەن ئەندىزىسىدىكى «ئىچكى ماھىيەت» تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشقا مەھكۇم. مەسىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى خىتاينى چىن ـ خەننىڭ سىياسىي ئەندىزىسىدىن ھەقىقىي دېموكراتىيەگە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغان بولۇپ سەۋەبى ئۇنىڭ رەھبەرلىرى ئاساسەن كۈڭزىچى ـ قانۇنچى باشقۇرۇش پەلسەپەسىنىڭ ئەبجەشمىسى بولغان چىن ـ خەن سىياسىي زېھنىيىتىگە ساھىب بولغان دىكتاتۇر كىشىلەر ئىبارەت (150،159 ـ بەت). ۋاڭ فېيلىن خىتاينىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تۆت خىل ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

(1) يۇمشاق مۇستەبىتلىك شەكلىگە ئۆتۈش

(2) ماۋ دەۋرىدىكى مۇستەبىتلىك ۋە مىللەتچىلىك دەۋرىگە قايتىش

(3) دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پۇرسەت كۈتۈش» ئىستراتېگىيەسىگە قايتىپ كېلىش

(4) باشقا بىر شەكىلگە ئۆتۈشتىن بۇرۇن گۇمران بولۇش (216 ـ 17 ـ بەتلەر)

شى جىنپىڭنىڭ يېقىندىن بۇيان يۇمشاق تەرەپكە ئەمەس بەلكى تېخىمۇ قاتتىق مۇستەبىتلىككە قاراپ مېڭىشى ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىقنىڭ ئەڭ ناچار ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھازىر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان (تەقدىرىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن) چىن ـ خەن ئۇسلۇبىدىكى مۇستەبىت خىتاي تەرتىپىنى ئورنىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ بايلىق ۋە ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى كىشىنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالىدىغان رېئاللىقتىن ئىبارەتتۇر (193 ـ بەت).

ئاپتورنىڭ كىتابتا نېگىزلىك ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان كۆز قارىشى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازارغا سېلىپ كېلىۋاتقان «چوڭ بىرلىشىش» نىڭ خىتاي خەلقىگە بەخت، پارچىلىنىشنىڭ بولسا ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى داۋرىڭىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. ئۇ خىتاي تارىخىنىڭ باشتىن ئاخىرى بىرلەشكەن سۇلالە شەكلىدىلا بولۇپ كەلمىگەنلىكىنى، نۇرغۇنلىغان پارچىلىنىش دەۋرلىرىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ۋە «خىتاينىڭ ئالتۇن دەۋرى» نىڭ ھەممىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چىن، خەن، سۈي، تاڭ، يۈەن، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرى ئەمەس بەلكى سىياسىي جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان، مەركىزى «دۇنياۋى» ھاكىمىيەتتىن مۇستەسنا بولغان «خەلقئارالىق سىستېما» بارلىققا كەلگەن بۆلۈنمە ھالىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنى ئالتۇن دەۋر دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭدىن سىرت چىن

سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىنىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق دەۋر دەپ قارايدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ھەقتىكى يەنە بىر يەكۈنى بولسا خىتاينى بىرلىككە كەلتۈرگەن پۈتۈن سۇلالىلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرى ئوخشاشلا «خىتاينىڭ ئالتۇن دەۋرى» ئىكەنلىكىدۇر.

بۇ نۇقتا ھەقىقەتەن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بولۇپ خىتاي سۇلالىلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئاساسەن باشتىكى ھاكىمىيەتكە قارشى چىققاندا ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ ۋەھشىي ۋە دىكتاتورلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغان بولسا ئۆز ھاكىمىيتىنى قۇرۇپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇ بۇرۇنقى ھاكىمىيەتنىڭ ئەندىزىسىگە قايتقان ۋە بۇ ئەندىزە دەل ئاپتور ۋاڭ فېيلىن «كۇڭزىچى - قانۇنچى باشقۇرۇش پەلسەپەسىنىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن چىن - خەن ئۇسلۇبىدىكى دۇنيا تەرتىپى» دىن ئىبارەت. بۇنىڭغا بىر مىسال كۆرسىتىشكە توغرا كەلسە لىيۇباڭ ۋە ئۇ قۇرۇپ چىققان خەن سۇلالىسىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. قانۇنچى باشقۇرۇش پەلسەپەسى ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇستەبىت چىن سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان شىياڭيۈ ۋە لىيۇباڭنىڭ غەلىبىدىن كېيىن قۇرماقچى بولغان ھاكىمىيتى پۈتۈنلەي ئىككى خىل بولغان. شىياڭيۈ چىن ھاكىمىيتىنى يوقاتقاندىن كېيىن بىرلىككە كەلگەن مۇستەبىت دۆلەت قۇرۇشنى خالىمىغان، شۇڭا ئۇ لىيۇباڭ قاتارلىق سەپداشلىرىغا پۈتۈن خىتاينى بۆلۈپ بېرىپ ئۇلارنى ۋاڭسال (王) قىلىپ تەيىنلىگەن، ئۆزىنى بولسا پادىشاھ (霸王) دەپ ئاتاپ

ھوقۇقنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشقان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ چىن سۇلالىسىنى يىقىتقاندىن كېيىن قۇرماقچى بولغان دۆلىتىنىڭ سىياسىي سىستېمىسى ئىدى. لېكىن لىيۇباڭ چىن شىخۇاڭغا ئوخشاش ئىمپېراتور بولۇپ پۈتۈن خىتاينى يالغۇز ئىگىلەشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ ۋە شىياڭيۈگە ئىسيان قىلىپ خەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. لىيۇباڭ دەسلەپتە شىياڭيۈگە ئوخشاش سەپداشلىرى بىلەن خىتاي تېررىتورىيەسىنى ئورتاقلاشقان بولسىمۇ لېكىن ئۆزىنى ئۇلۇغلىۋېلىپ ناھايىتى تېزلا پۈتۈن سەپداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە مۇستەبىتلىكتە چىن سۇلالىسىدىن ھەر جەھەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ ھالەت ئاپتور ئېيتقاندەك پۈتۈن خىتاي ھاكىمىيەتلىرىدە تەكرارلىنىدۇ . خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيتىنىڭ قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھالىتى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەن دەسلەپكى سىياسىتى بىلەن ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتى بۇنىڭغا يەنە بىر يارقىن مىسال بولالايدۇ.

ئاپتور يەنە، خىتاينىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدىمۇ توختالغان بولۇپ خىتاي كوممۇنىستلىرى دەۋاتقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ ئەۋزەللىكى كۆز قارىشىنى رەت قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە ماۋ دىن دىڭ شياۋپىڭغىچە بولغان ئىقتىسادىي مودېل سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي مودېل دېگەن شۇ بولۇپ، دىڭ دىن كېيىن مىنگو دەۋرىدىكى ئىقتىساد مودېلىنى قوللانغان ۋە بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن.

## ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدىغان ماقالىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر:

قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ تىلى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ئەرەب ھەرپلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدا بولىدۇ.

**قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ ساھەسى:**

1. سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت، تارىخ، قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد ۋە مېدىيا ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ماقالىلەر بولۇشى لازىم. (ئەسكەرتىش: ئەدەبىي تۈس ئالغان ھېكايە، پوۋېست، شېئىر، قوشاق ۋە نەسىرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ. توغرا چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.)
2. يۇقىرىقى ساھەلەرگە تەۋە ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولغانلار چەت ئەل تىلىدىكى شۇ ماقالىنى باشتا ژۇرنالنىڭ ئەسەرلەرنى باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تەرجىمە قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەۋەتىشى لازىم.
3. ماقالىلەرنىڭ چوقۇم ئاستىدا بەلگىلەنگەن ئاكادېمىك مېتود ۋە قېلىپقا چۈشكەن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ .
4. ماقالىنىڭ مەزمۇن ۋە ئىلمىي ئۆلچەم جەھەتلەردىن ژۇرنالغا لايىق بولغان ياكى بولمىغانلىقى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن قارار قىلىنىدۇ. لايىق بولمىغانلىرى قايتۇرۇلۇشى ياكى تۈزىتىلىش ئۈچۈن ئەسەر ئىگىسىگە ئەۋەتىلىدۇ.
5. ھەر پەسىللىك سانىنىڭ بەلگىلىك بەت سانى بولۇپ، ئۆلچەمگە لايىق بولغان، لېكىن ھەجىم سەۋەبلىك شۇ مەزگىللىك سانغا كىرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىغان ماقالىلەر كېيىنكى ساندا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەسەر ئىگىسى خالىمىسا، باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىسىمۇ بولىدۇ.
6. ھەر ساندا ئەھۋالغا قاراپ ئىككىدىن بەشكىچە كىتاب تونۇشتۇرۇش ماقالىسى (book review) ئېلان قىلىنىدۇ. كىتابنىڭ ساھەسى يۇقىرىدا بەلگىلەنگەن ماقالىنىڭ ساھەسى بىلەن ئوخشاش ساھەگە تەۋە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ . بەت سانى ئىككى بەتتىن تۆۋەن، بەش بەتتىن يۇقىرى بولماسلىقى لازىم. كىتاب تونۇشتۇرۇش ماقالىسى (book review) نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغىمۇ ئاكادېمىك ئۆلچەم قويۇلىدىغان بولۇپ، قانداق يېزىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان (book review) لار ئۆرنەك قىلىنسا بولىدۇ.
7. ماقالە ئەۋەتكۈچىنىڭ سىياسىي مەيدانى، ئىدېئولوگىيەسى ۋە كۆز قاراشلىرىغا چەك قويۇلمايدۇ.

**ژۇرنىلىمىز قوبۇل قىلىدىغان ماقالىنىڭ شەكىل ۋە قېلىپ جەھەتتىكى ئۆلچەملىرى**

1. ماقالىنىڭ ماۋزۇسى؛
2. ئاساسى مەزمۇنى (يېرىم بەتتىن كۆپ بىر بەتتىن ئاز بولۇشى لازىم)؛
3. ئاچقۇچلۇق سۆزلەر؛
4. بۇنىڭدىن كېيىن ماقالىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى يېزىلىدۇ: ئومۇمىي گەۋدە كىرىش (كىرىش سۆز)، ئاساسلىق مەزمۇن ۋە خۇلاسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىشى لازىم. (ماقالىنىڭ قېلىپلىرى ھەققىدە ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۆرنەك قىلىنسا بولىدۇ.)
5. مەنبە كۆرسىتىش ( دېپنوت ۋە رېفرانس) ھەققىدە:
6. مەنبەلەردە بىردەك (Chicago Manual of Style 17th Edition (full note قوللىنىلىدۇ. (مەنبە كۆرسىتىش قېلىپى ھەققىدە ئىنستىتۇتىمىزنىڭ تور بېتىدىكى تۆۋەندىكى كۆرسەتمىلەرنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ:
https://www.uysi.org/ug/xelqara_weziyet__we_sherqiy_turkistan)

## ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلار:

1 ـ قۇتادغۇ بىلىك (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)
2 ـ ئېتىنىك، ئۇلۇس، كىملىك ۋە ئۇلۇسچىلىق (رۇقىيە تۇردۇش)
3 ـ ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت (ئۈمىت شىمشەك)
4 ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس جۇغراپىيەسى (دوكتور بىلال نىزام)
5 ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا ـ ئىگىلىكى ۋە دېھقانچىلىقى (دوكتور بىلال نىزام)
6 ـ ئالىيا ئىززەتبېگوۋىچ (خالىت چېلى)
7 ـ پىسخىكىلىق ئۇرۇش: كۆلرەڭ تەشۋىقات (پىروف.دوكتور نەۋزات تارھان)
8 ـ ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى (دوكتور نەبىجان تۇرسۇن)
9 ـ تارىخى ئۇنتۇپ كەتكەن ئايال ـ ئامىنە بۇغرا (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت)
10 ـ ئۇيغۇر ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيەسى (ئابدۇلجېلىل تۇران)
11 ـ سەييالار ئىزىدىن (زۇلھايات ئۆتكۈر)
12 ـ تۈرك دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى (پىروف. دىر. جەۋانشىر فەيزىيېۋ)

ISSN 0275-7923
9 770275 792207